# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

# 新疆地方志





4

2008

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


# مۇندەرىجە

## تارىخ سەھىپىسىدە

مىللىي ئارمىيىدىكى ھەربىي ئۇنۋان، پاگون ۋە ئوردېن-مېداللار
توغرىسىدا ........................ مۇزەپپەر ئابدۇللايوف 1
شىنجاڭ ئالتۇنى ۋە شىنجاڭ ئالتۇنچىلىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ...
........................................... ئابلەت نۇردۇن 7

## تارىخىي ئەسلىمە

1913 - يىلى خوتەن شەھىرى ئالتۇنلۇق مازاردا ئېچىلغان پەننىي
مەكتەپ ھەققىدە ئەسلىمە ............ مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجى 15

## ئۆرپ - ئادەتلەر

چاغانبۇتلۇقلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ..........................
17 ئابلىمىت ئىمىن ..............................................

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

قىرىق قىزلىرىم مازىرى ..................... ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 34

## يەر ناملىرى تەتقىقاتى

كەلپىندىكى بەزى يەر ناملىرىغا ئىزاھات .....................
36 ماموت قۇربان ..................................................
«ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامى توغرىسىدا ........ ئىسرائىل مۇتىللا 42

## بىلىپ قېلىڭ

چامغۇر ھەققىدە رىۋايەت ۋە رېتسېپ ........ تۇرسۇن قۇربان 45

## سوتسىيالىستىك تەزكىرىلەردىن

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى»دىن
46 ......................................................................

**مۇقاۋىدا:** *مورى ناھىيىسىدىكى چاغانبۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي كۆچۈرۈش ۋە دەستار كىيگۈزۈش مۇراسىمى*

***سۈرەتنى تاھىر ھاموت تەمىنلىگەن***

## شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
25 - يىل نەشرى
ئومۇمىي 85 - سان

**2008 - يىللىق**
**4 - سان**

**مەسلىھەتچىلەر**
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى
سابىر ئەلى

**باش مۇھەررىر**
دىلمۇرات مۇسا

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر**
ئابدۇرۇپ ئېلى
ئەخمەت روزى توغرۇل

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى**
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، رامىلە، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجا ئەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان ماموت

**مەسئۇل مۇھەررىر**
پولات ھىمىت

**ژۇرنال خەت ساندۇقى:**
tezkire@126.com

# مىللىي ئارمىيىدىكى ھەربىي ئۇنۋان، پاگون ۋە ئوردېن - مېداللار توغرىسىدا

مۇزەپپەر ئابدۇللايوف

(شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن)



ئاپتورنىڭ 1950 - يىلى چۈشكەن سۈرىتى. 1945 - يىلى «پىدائىي» مېدالىغا (ئوڭدىكى)، 1946 - يىلى «باھادىرلىق» مېدالىغا (ئوتتۇرىدىكى)، 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى «ئىستىقلالىيەت II» ئوردېنىغا ئېرىشكەن.

بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە مىللىي خەلق قوزغىلىڭى توغرىسىدا ئەسەر، ئەسلىمە ۋە ماقالىلەر يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇنۋانى، ھەربىي فورمىسى ۋە پاگونى، ئوردېن-مېداللىرى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلمىدى. پاگون ۋە ئوردېن-مېداللارنى تاقىغان ھەم كۆرگەن شاھىتلار ساناقلىقلا قالدى، ھايات قالغان بۇ كىشىلەرنىڭ بىرەرسى بۇ ھەقتە ئۇچۇر بەرمىدى، ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئىچىدە مەنىمۇ بار. مەن كۆرگەنلىرىمدىن ۋە بىلىدىغانلىرىمدىن ئېسىمدە قالغانلىرىنى كۆپچىلىكنىڭ يەنىمۇ تولۇقلاپ يېزىشتا پايدىلىنىشىغا سۇندۇم.

## ھەربىي ئۇنۋان

مىللىي ئارمىيىدىكى ھەربىي ئۇنۋان ئالىي، يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەپ تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئالىي دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەرگە گېنېرال مايور، گېنېرال لېيتېنانت ئۇنۋانى بېرىلدى؛ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەرگە پولكوۋنىك، پودپولكوۋنىك، مايور ئۇنۋانى بېرىلدى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەرگە كاپىتان



www.uyghurkitap.com

(كاپىتان)، پورۇچىك (ستارشىي لېيتېنانت)، پودپورۇچىك (ملادشىي لېيتېنانت)، پراپورچىك (لېيتېنانت) ئۇنۋانى بېرىلدى (تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان ھەربىي ئۇنۋان سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ئۇنۋان ئاتالغۇسى، تىرناق سىرتىدىكىلىرى چارروسىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ئۇنۋان ئاتالغۇسى بولۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى قىلىپ قوللىنىلغانىكەن، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ تۆۋەن دەرىجىلىك كوماندىر ۋە جەڭچىلەرگە فېلدفېبېل (فېلدفېبېل)، ستارشىي ئۇنتېر ئوفىتسېر (ستارشىي سېرژانت)، ملادشىي ئۇنتېر ئوفىتسېر (ملادشىي سېرژانت)، يېفرېتور ئۇنۋانى بېرىلدى.

## ھەربىي فورما ۋە پاگون

مىللىي ئارمىيىنىڭ فورمىسى بىلەن پاگونلىرى چارروسىيە ئارمىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭكىگە تەقلىد قىلىپ تىكىلگەن ۋە ياسالغان. يازلىق گىمناستۇركا بىلەن بۆرۈلكىنىڭ رەڭگى سۇس ماش رەڭ، ئاتلىق قىسىملارنىڭ بۆرۈلكىسى قۇلاقلىق (گەلەپى)، پىيادە قىسىملارنىڭ بۆرۈلكىسى تۈز ئىدى؛ ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملارنىڭ گىمناستۇر كىسىنىڭ شەكلى ئوخشاش بولۇپ، ئۈچ تۈگمىلىك، تىك ياقىلىق، ئالدى پۇتەي، كۆكرىكىدە ئىككى تۆش يانچۇقى بار، يېڭى تۈگمىلىك ئىدى، يىلىغا بىر قۇر بېرىلەتتى؛ كۆينەك، ئىشتان چىت، سەتىن، ئاق پولاتىناي قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلەتتى، يىلىغا بىر قۇر بېرىلەتتى؛ قىشلىق پاختىلىق شىم-تۇجۇركا (پاختىلىق چاپان)لارنىڭ رەڭگى سۇس ماش رەڭ، قارا كۆك ياكى ئاچ بېغىررەڭلەردە ئىدى، ئىچىگە يۇڭ، پاختا سېلىنىپ، 3 ~ 4 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، بويىغا شىرىق شىرىپ تىكىلەتتى، يىلىغا بىر قۇر بېرىلەتتى؛ جۇۋا ئۇزۇن، قايرىما ياقىلىق، تاشىسىز ئىدى، ئۈچ يىلدا بىر قۇر بېرىلەتتى؛ ئۆتۈك ياكى ئىسكارىخوت (كالتا قونچلۇق ئاياغ كىيىم) يىلىغا بىر پار بېرىلەتتى، ۋەزىپە ھەم ھاۋا شارائىتىغا قاراپ يەنە پىيما



مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىنىڭ 1950-يىلدىكى يازلىق ھەربىي فورمىسى (سۈرەت «شارشىبېك سىدىقنىڭ ھايات ئەسلىمىلىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى)

بېرىلەتتى؛ مالخاي سۇس ماش رەڭ ياكى سۇس كۆل رەڭ، ئەستەرلىك بولۇپ، ئۇششاق شىرىلغان، ئىككى يان تەرىپىگە جىرىق چىقىرىلغان، چۆرىسى ئىككى يېرىم سانتىمېتىردەك قايرىلىپ تۇرىدۇ؛ قۇلاقچا هازىرقى قۇلاقچىلارغا ئوخشاش بولۇپ، قوي تېرىسىدىن تىكىلىپ، سۇس ماش رەڭ، كۆل رەڭ رەختلەر بىلەن تاشلانغان. كېيىنچە سۇس ماش رەڭ رەختتىن تىكىلگەن پىلوتكا بېرىلىدى. يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، قىش كۈنلىرى ۋەزىپە ۋە رازۋېدكا ئېھتىياجى ئۈچۈن، قىسىملارغا باشنىكى بار ئاق خالات بېرىلگەنىدى.

كاكار دۈگلەك بولۇپ، تېگى هاۋارەڭ، ئۈستىگە ئاي - يۇلتۇز قاپارتمىسى چىقىرىلغان، مالخاي، پىلوتكا، شەپكە، قۇلاقچىلارنىڭ ماڭلاي قىسمىغا تاقىلىدۇ.

پاگونلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، قىزىل، يېشىل رەختلەردىن تىكىلگەن، گىرۋىكىگە كۆك، قىزىل، ئاق زىغزىق تۇتۇلغان. ئورگان خىزمەتچىلىرى بىلەن قىسىم تۈرىنى ئايرىش ئۈچۈن، پاگونلارنىڭ رەڭگى، تۈرى، بەلگىلىرى بېكىتىلگەن. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى، باش سىياسىي بۆلۈم، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ بىۋاستە بۆلۈملىرى ھەم ھەربىي سوتتىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر تېگى قىزىل، گىرۋىكىگە ئاق زىغزىق تۇتۇلغان پاگوننى؛ ئاتلىق قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر تېگى توق هاۋارەڭ، گىرۋىكىگە سېرىق زىغزىق تۇتۇلۇپ، ئۈستىگە سېرىق مىستىن ياسالغان مىلتىق بىلەن قىلىچ بەلگىسى قويۇلغان پاگوننى؛ پىيادە قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر تېگى يېشىل، گىرۋىكىگە ئاق زىغزىق تۇتۇلغان پاگوننى؛ ئارتىللېرىيە (توپچى) قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر تېگى قىزىل ئەتىرگۈل رەڭلىك، گىرۋىكىگە ئاق زىغزىق تۇتۇلۇپ، ئۈستىگە سېرىق مىستىن ياسالغان مىنامىيوت ئىستوۋۇلى بىلەن مىنامىيوت ئوقى بەلگىسى قويۇلغان پاگوننى؛ ئالاقە قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر تېگى قىزىل، گىرۋىكىگە ئاق زىغزىق تۇتۇلۇپ، ئۈستىگە سېرىق مىستىن ياسالغان تېلېفون تۇرۇپكىسى چۈشۈرۈلگەن پاگوننى؛ ساپيور (ئىشچى ئەسكەرلەر) قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر



مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ قىشلىق ھەربىي فورمىسى
(سۈرەت «شارشىبېك سىدىقنىڭ هايات ئەسلىملىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى)

www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە سىرىق مىستىن ياسالغان گۈرجەك بىلەن قارغاتۇمشۇق بەلگىسى قويۇلغان پاگوننى تاقايتتى. پاگونغا قاراپلا ئۇلارنىڭ قايسى قىسىم تۈرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. گېنېراللارنىڭ پاگونىدىكى پاگوننى كىيىم بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان يۇلتۇز تۈگمىلەر سىرىق ئالتۇندىن ياسالغان، پاگون ئۈستىدىكى ئەگمە گۈل ئالتۇن رەڭلىك توقۇلمىدىن ئىبارەت.

يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ پاگونىدىكى تۈگمە، بالداق، يۇلتۇز، توپچىكلار سىرىق مىستىن ياسالغان. ھەممە پاگوننىڭ باش تەرىپىدە ئاي-يۇلتۇز شەكلى چۈشۈرۈلگەن مېتال تۈگمە بار. توپچىك تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنىڭ پاگونىغا قويۇلىدىغان دەرىجە ئايرىمىسىنىڭ بەلگىسى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكتىن مايورغىچە بولغان ئوفىتسېرلىرىنىڭ پاگونىنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇنىسىغا ئىككى بالداق، مىللىي ئارمىيىنىڭ شۇ دەرىجىلىك پاگونىغا توغرىسىغا ئىككى بالداق قويۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ پاگونىدىكى تۈگمىگە ئورغاق-بولقا قاپارتمىسى، مىللىي ئارمىيىنىڭكىگە ئاي-يۇلتۇز قاپارتمىسى چىقىرىلغان. پاگون ئىشلەشكە كېرەكلىك ماتېرىياللار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلۈپ، غۇلجا شەھرىدە ياسالغان.

### *ئوردېن-مېداللار*

1945-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئەزالىرى



گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇرباييوفنىڭ ھەربىي فورمىسى ۋە ئالغان ئوردېن-مېداللىرى (سۈرەت «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى)

يىغىنى 25-نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوردېن-مېدال بېرىشنى قارار قىلدى ھەمدە ئوردېن-مېدال بېرىش شەرتى، چارىسى ۋە ئوردېن-مېدالغا ئېرىشكەنلەر بەھرىمەن بولىدىغان تەمىنات، ئىمتىياز توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە «جۇمھۇرىيەت»، «خەلق قەھرىمانى»، «ئازادلىقI»، «ئازادلىقII»، «ئىستىقلالىيەتI»، «ئىستىقلالىيەتII» ئوردېنلىرى، «باھادىرلىق»، «پىدائىي»، «ساداقەت» مېداللىرى تارقىتىلغان. ئوردېننىڭ 1-دەرىجىلىكى ئالتۇندىن، 2-دەرىجىلىكى كۈمۈشتىن ياسالغان، مېداللار كۈمۈشتىن ياسالغان. ئوردېن-مېداللارنىڭ ئۈستىگە شۇ ئوردېن-مېداللارنىڭ نامى



مىللىي ئارمىيەدە بېرىلگەن قىسمەن ئوردېن - مېداللار
(سۈرەتنى مۇھەممەد يۈسۈپ تەمىنلىگەن)

يېزىلغان، ئارقىسىغا رەت نومۇرى قويۇلغان، ئۇلارنىڭ رەڭگىمۇ ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈلگەن. «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنى ھەربىيلەرگە نىسبەتەن «ئەركىنلىك جەڭچىسى» ئوردېنى دەپ ئاتالغان. «جۇمھۇرىيەت»، «خەلق قەھرىمانى» ئوردېنلىرىنى مەنمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە ئۇلاردىن بەھرىمەن بولىدىغان تەمىنات - ئىمتىيازلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم يېتەرلىك ئەمەس.

«ئازادلىق» ئوردېنىغا ئېرىشكەنلەر بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق - ئىمتىيازلار مۇنداق بەلگىلەنگەن: (1) ھۆكۈمەتنىڭ شەرەپلىك گراژدانى دەپ قارىلىپ، ئارمىيە ۋە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ، ئىززەتلىنىدۇ؛ (2) ھەرقانداق ئورگاننىڭ بۇلارنى قولغا ئېلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، ئەگەر جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئالدى بىلەن ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ ئوردېن قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن قولغا ئېلىشقا بولىدۇ؛ (3) پەرزەنتلىرى ئالىي مائارىپتىن ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوقۇش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ (4) كىنو - تىياتىرلارنى ھەقسىز كۆرۈشكە، قاتناش بېلەتلىرىنى نۆۋەتسىز سېتىۋېلىشقا ھوقۇقلۇق؛ (5) ھۆكۈمەت تەمىناتى بىلەن يىلدا بىر قېتىم سەيلى - ساياھەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق؛ (6) ئارىشاڭ، ساناتورىيىلەرگە بېرىپ داۋالىنىش - دەم ئېلىشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنىغا ئېرىشكەنلەر «ئازادلىق» ئوردېنىغا ئېرىشكەنلەر بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىيازلارنىڭ 1 - ، 2 - ، 4 - ، 5 - ، 6 - تارماقلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. «باھادىرلىق»، «پىدائىي»، «ساداقەت» مېداللىرىغا ئېرىشكەنلەر يۇقىرىدىكى 1 - ، 2 - ، 4 - تارماقلاردىكى ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئوردېن - مېداللارغا ئېرىشكەنلەر يۇقىرىدىكى ئىمتىيازلاردىن سىرت، يەنە كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ، ئاددىي ئەسكەرلىكتىن كاپىتانغا قەدەر ئۆستۈرۈلىدۇ، خىزمەت ئورنىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، پېنسىيە سوممىسى ئوردېن - مېداللارنىڭ دەرىجىسى بويىچە 15%~50%كىچە ئۆستۈرۈلىدۇ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىدا ھەقسىز داۋالىنىدۇ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تەمىناتى ئوردېن - مېداللارنىڭ دەرىجىسى بويىچە 15% ~ 30% كىچە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ، «باھادىرلىق» مېدالىغا ئېرىشكەن ئادەم جەڭدە قۇربان بولسا، ئۇنىڭ نەپىقە سوممىسى بىر قېتىمدىلا 15%~100%كىچە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## پاگون، ئوردېن ـ مېداللارنىڭ سىزما رەسمى




1. رىداۋوي(ئادەتتىكى ئەسكەر)؛ 2. يېفرىتور؛ 3. مىلادشىي ئۇنتېر ئوفىتسېر؛ 4. ستارشىي ئۇنتېر ئوفىتسېر؛ 5. فېلدفېبېل؛ 6. پراپورچىك؛ 7. پودپورۇچىك؛ 8. پورۇچىك؛ 9. كاپىتان؛ 10. مايور؛ 11. پودپولكوۋنىك؛ 12. پولكوۋنىك؛ 13. گېنېرال مايور؛ 14. گېنېرال لېيتېنانت؛ 15. ساداقەت؛ 16. پىدائىي؛ 17. باھادىرلىق؛ 18. ئىستىقلالىيەت II؛ 19. ئىستىقلالىيەت I؛ 20. ئازادلىق II؛ 21. ئازادلىق I .

خاتىرىلىگۈچى ۋە رەسىملەرنى سىزغۇچى: ساھىبە مۇزەپپەر

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى تۇغرۇل

# شىنجاڭ ئالتۇنى ۋە شىنجاڭ ئالتۇنچىلىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

ئابلەت نۇردۇن

(ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىدىن)

ئالتۇن ـــ ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن تاپقان ۋە ئىشلەتكەن قىممەتلىك مەدەن (مېتال) لەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ زىچلىقى يۇقىرى، خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن تۇراقلىق، ئاسانلىقچە خىمىيىلىك رېئاكسىيىگە كىرمەيدىغان، ئاسان ئۇپرىمايدىغان، ئۇزۇن مۇددەت ساقلاشقا بولىدىغان ناھايىتى قىممەتلىك مېتال. نەچچە مىڭ يىل يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالسىمۇ پارقىراقلىقىنى يوقاتمايدۇ. 1922 ـ يىلى نىل دەرياسى قىرغىقىدىكى قەدىمكى مىسىر پادىشاھىنىڭ قەسرىدىن تېپىلغان ئالتۇنغا 3200 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ھازىرغىچە پارقىراپ تۇرماقتا. ئەجدادلىرىمىز يىراق قەدىمكى دەۋردىن بۇيان ئالتۇننى ئەڭ ئەتىۋارلىق مېتال دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك ھەشەمەتلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ياساپ، ئۇنى بايلىقنىڭ سىمۋولى ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ بەلگىسى دەپ ھېسابلىغان. كېيىن ئالتۇندىن پۇل (تىللا) سوقۇپ ئوبوروت قىلغان. بەزى قەدىمكى قەبىلە ـ ئۇرۇقلار ئالتۇنغا سىرلىق بويۇم قاتارىدا چوقۇنغان. بىر سەر ئالتۇننى ياپىلاقلاپ توققۇز كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا يايغىلى، قەغەزدىنمۇ نېپىزلەتكىلى، چاچتىنمۇ ئىنچىكە سوزغىلى بولىدۇ. ھازىرقى كۈندە ئالتۇن زىننەت بۇيۇمى، تۇرمۇش بۇيۇملا بولۇپ قالماستىن، سانائەتتە كەم بولسا بولمايدىغان قىممەتلىك ماتېرىيالغا ئايلاندى. مەسىلەن: ئېلېكترون تېخنىكىسى، ئالەم كېمىسى، نازۇك ئەسۋابلار، توقۇمىچىلىق، مېدىتسىنا ـ دورىگەرلىك سانائىتى، خىمىيە سانائىتى ھەمدە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى قاتارلىق سانائەت ـ تېخنىكا ساھەلىرىدە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلمەكتە.

شىنجاڭدا ئالتۇن چىقىدىغان جايلار، نۇقتىلار كۆپ، ئالتۇننىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، زاپىسى مول. قەدىمدىن تارتىپ «ئالتايدا 72 جىلغا بار، 72 جىلغىنىڭ ھەممىسىدە ئالتۇن بار» دېگەن گەپ تارقالغان. ئالتۇن تۈرلىرىدىن تاغ ئالتۇنى، كېپەك ئالتۇن ۋە باشقا رۇدىلار بىلەن بىللە ھاسىل بولغان ئالتۇنلار بار. ناھايىتى ساپ دېيىلگەن تەبىئىي ئالتۇننى ئالساق، ئۇ سۆگەك پارچىسىمان، پۇتاقسىمان،

www.uyghurkitap.com

دانچىسىمان، كاللەكسىمان، تارشىسىمان ۋە قاسىراقسىمان شەكىللەردە ئۇچرايدۇ. تەبىئىي ئالتۇننىڭ تەركىبىدە ئالتۇن ئېلېمېنتىدىن باشقا، يەنە ناھايىتى ئاز مىقداردا مىس، تۆمۈر، پاللادىي، پىلاتىنا، بىسمۇت قاتارلىق ئېلېمېنتلارمۇ بار.

شىنجاڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىقلار كۆرگەزمىخانىسىدا ئالتاي، چەرچەن قاتارلىق جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن ئىككى كاللەك تەبىئىي ئالتۇن بار بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى بىر سەردىن ئاشىدۇ. بۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدا تېپىلغان بىرقەدەر چوڭ تەبىئىي ئالتۇن ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئالتاي تېغىدىن 40~50 سەر، ھەتتا 140 سەر كېلىدىغان كاللەك ئالتۇن تېپىلغان، يىلىغا 20 مىڭ سەر ئالتۇن قېزىۋېلىنغان يىللارمۇ بولغان. بۇنىڭدىن 170 يىللار ئىلگىرى، نىيە ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدىلا يىلىغا 500 ~ 600 سەر ئالتۇن ئېلىنغان، ئەڭ كۆپ بولغاندا 2000 سەردىن ئېشىپ كەتكەن. 1821~ 1861 ـ يىلىغىچە ئالتاي رايونىنىڭ خاتۇ كانىدا ئالتۇن قېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ئالتۇن قازغۇچىلار 60 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. 1917 ـ يىللىرى يەرلىك ئۇسۇلدا ئالتۇن قېزىلىپ، يىللىق مەھسۇلاتى 3000 سەردىن ئېشىپ كەتكەن. ساۋەن ناھىيىسىدىكى مەلۇم ئالتۇن كانىدىن «بىر كۈندە بىر كورە ئالتۇن ئالغىلى بولىدۇ» دېيىلگەن گەپلەرمۇ تارقالغان.

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تارىختىن بۇيان شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى مۇھىم ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن.

ئالتۇن بايلىقى شەرقىي ۋە غەربىي جۇڭغار ئويمانلىقلىرىغا، ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ، قۇرۇمتاغ، ئالتۇنتاغلارنىڭ تاغ ئالدىدىكى رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، بەلۋاغ شەكلىدە مەركەزلىك جايلىشىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. تاغ ئالتۇنى ئاساسەن ئالتاي تېغى بىلەن تەڭرىتاغ، شەرقىي ۋە غەربىي جۇڭغار ئويمانلىقلىرىغا، كېپەك ئالتۇن مەركەزلىك ھالدا ئالتاي رايونى ۋە خوتەن - چەرچەن ئەتراپلىرىغا تارقالغان. نۆۋەتتە تېپىلغان ئالتۇن كان ياتمىسى 52 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ كان ياتمىسى ئۈچ، ئوتتۇرا كان ياتمىسى 31، كىچىك كان ياتمىسى 36. كانلاشقان نۇقتا 600 گە يېتىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە ئالتۇننى بىلگەنلىكى توغرىسىدا يازما يادىكارلىقلار بار. بۇ مەلۇماتلارنى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تەكشۈرۈشلەردە قولغا كەلتۈرگەن ماددىي پاكىتلار تولۇق دەلىللەپ بەردى. مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1 ـ تومىدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكدونىسكى) ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، ئۇلارغا قارشى ئاتلانغان تۈرك - ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ رەقىبلىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ، ئۇلارنىڭ ھەميانلىرىنىمۇ ئىككى پارچە قىلىۋەتكەنلىكى، ھەميانلاردىكى ئالتۇن پۇل (تىللا) لار قانغا بويالغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. تىلشۇناس، يازغۇچى پەرھات جىلان مۇشۇ ۋەقەلىككە ئاساسەن، «ئالتۇنقان» ناملىق ھېكايىنى يازدى ۋە بۇنى تېخىمۇ بېيىتىپ «مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق رومانىنى يېزىپ،

ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇ ۋەقە تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 327 ـ يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا ئالتۇن پۇل ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ سابىق باشلىقى، تەتقىقاتچى ۋاڭ بىڭخۇا يازغان، ئابدۇۋايىت قاسىم تەرجىمە قىلغان، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېرىلگەن «قەدىمكى دەۋردىكى ساكلارنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخىي ئىزلىرى» دېگەن ماقالىدە، 1976 ~ 1978 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن كان رايونىدا، يەنى تەڭرىتاغدىكى ئالغۇي جىلغىسىنىڭ شەرقىي ئېغىزىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا يېغىلىق دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 772 ~ 784 ـ يىلىغىچە) دىن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلىدىن مىلادىيە 23 ـ يىلىغىچە) گىچە بولغان مەزگىلگە تەئەللۇق تۆت قەبرىدىن ساپ ئالتۇندىن ئىشلەنگەن، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە نۇرغۇن ئالتۇن بۇيۇم، جۈملىدىن يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن سەككىز دانە يۇملاق ئالتۇن قارتا (ھەربىرىنىڭ دىئامېتىرى ئالتە سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 20 گرام ئەتراپىدا)، بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىۋاتقان يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۆت دانە ئالتۇن كەمەر بېزىكى (ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 27.75 گرام)، چىشىنى چىشلەپ چاپچىپ تۇرغان شىرنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە ئالتۇن قاداق، ئۇنىڭدىن باشقا ھايۋان يۈزىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن بېزەك، رومبا شەكىللىك گۈل چىقىرىلغان ئالتۇن بېزەك، چەمبەر شەكلى، سۆگەت يوپۇرمىقى شەكلى، قوشۇش بەلگىسى شەكلى، بۇرما شەكلى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن بېزەكلەر تېپىلغانلىقى، بۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك بېزىكى قىلىنغانلىقى، قەبرىلەر كېيەن ئوغرىلىرى تەرىپىدىن ئوغرىلانغان بولسىمۇ، يەنە شۇنچىۋالا ئالتۇن بۇيۇمنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى، قەبرە ئىگىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنى يۇقىرى بولغان يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. تەتقىقاتچى ۋاڭ بىڭخۇا تارىخىي ماتېرىياللارغا ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يۇقىرىقى ئالتۇن بۇيۇملارنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئاۋۋال شىنجاڭنىڭ ئىلى دەرياسى ۋادىسى ھەمدە تەڭرىتاغ، شەرقىي پامىر (كۆكئارت) ئەتراپلىرىدا ياشىغان شىنجاڭ ساك (ساق) لىرىنىڭ يالدامىسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. يۇنان تارىخچىسى ھىرودود «تارىخ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە، ساكلارنىڭ پادىشاھ جەمەتىنىڭ خۇدا ئاتا قىلغان ھەرخىل ئالتۇن جابدۇقلىرىنىڭ بارلىقىنى، بەلۋېغىدا ئالتۇن قەدەھى بارلىقى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇملار ئاخىرەتلىك قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە توختالغان. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەسئۇللۇقىدا تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتا، ساكلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەشكىل قىلغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان.

www.uyghurkitap.com

بىز بۇنىڭغا ئاساسەن ئەجدادلىرىمىز يىراق قەدىمكى زامانلاردىلا ئالتۇننىڭ قىممىتىنى چۈشەنگەن ۋە ئالتۇندىن پايدىلىنىشنى بىلگەن دەيمىز. «شىنجاڭدا ئۆتكەن قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن رەسىملىك كىتابتا، تېكەس ناھىيىسىدىن تېپىلغان، يېغىلىق دەۋرىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدىغان بىر پاي ئالتۇن ھالقا بىلەن 1962 ـ يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا يېزىسىدىكى قەدىمىي قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بىر دانە ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك تونۇشتۇرۇلغان. 1986 ـ يىلى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» دېگەن رەسىملىك كىتابتا، 1975 ـ يىلى قاراشەھەردىن تېپىلغان، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە، ئۇزۇنلۇقى 9.8 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 50 گرام كېلىدىغان توققۇز ئەجدىھا نۇسخىسى چېقىرىلغان ئالتۇن كەمەر توقىسى تونۇشتۇرۇلغان. مەرھۇم تۇرسۇن ئەيسا يازغان، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېرىلگەن «لوپنۇر رايونىدىكى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەرنىڭ قېزىلىنىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات» دېگەن ماقالىدە، 1979 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1980 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە لوپنۇر رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 25~220 ـ يىللار) گە تەۋە 79LQM1 نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۈستىگە كۆك تاۋاردا كىيىم كىيگۈزۈلگەن ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنىڭ جەسەت (Dجەسەت)ىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ ئاستىدىن بىر پاي ئالتۇن ھالقا تېپىلغانلىقى ئېيتىلغان.

«كونا تاڭنامە . غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى . كۇسەن ھەققىدە»دە: «كۇسەن خانى ئالتۇن كۆزلۈك كەمەر تاقاپ، ئالتۇندىن ياسالغان شىر سۈرەتلىك دىۋاندا ئولتۇرىدۇ» دېيىلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا نوم ئالغىلى بارغان مەشھۇر راھىب شۈەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايونغا قىلىنغان ساياھەت» دېگەن ئەسىرىدە كۇچا توغرىسىدا توختىلىپ: «ئۇ يەرنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل، خەلقى نەيچە ۋە تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىشقا ئۇستا، كىمخاب ۋە بوزدىن كىيىم كىيىدۇ، زىبۇ زىنىنەت بۇيۇملىرى تاقايدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە مىس پۇل ئىشلىتىدۇ» دەپ مەلۇمات قالدۇرغان.

«قەدىمكى پۇللار لۇغىتى» (خەنزۇچە) 1308 ـ بەتتە، «ئاگنى (قاراشەھەر) ۋە كۇسەن (كۇچا) رايونلىرىدىن تېپىلغان ئالتۇن، كۈمۈش پۇللار، مىس يارماقلار شۇ جاينىڭ ئۆزىدىمۇ پۇل قۇيۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. شىنجاڭ بانكا مەكتىپى ئاساسىي پەنلەر كافېدراسىنىڭ قەدىمكى پۇل تەتقىقاتچىسى ئەركىن روزىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 1959 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قاتناش نازارىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ غەربىدىن توققۇز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر ئۆڭكۈردىن بىر مۇنچە زىنقچا ئالتۇن ۋە پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ 947 دانە كۈمۈش تەڭگىسىنى تېپىۋالغان. 13 تال زىنقچا ئالتۇننىڭ ساپلىق دەرىجىسى، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 1330 گرام

ئىكەن.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ خاس هاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئالتۇننىڭ ئەل باشقۇرۇش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشتىكى رولىغا ئەهمىيەت بېرىپ مۇنداق دەپ يازغان:

2411: گەر ئالتۇن-كۈمۈشنى سوۋغات ئەيلىسەڭ،
قىلۇرلەر پىدا جان ساپ ئالتۇنغا تەڭ.

3039: ئىككى نەرسە دۆلەت تۇتۇش يولىدۇر،
بىرىدۇر ساپ ئالتۇن، بىرى تىغ ئېرۇر.

3044: تۈرلۈگەن قاۋاقنى ساپ ئالتۇن ئاچار،
ئەگەر ئىش بۇزۇلسا ساپ ئالتۇن تۈزەر.

غەربىي يۇرتتا، جۈملىدىن شىنجاڭدا شۇنىڭدەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا ئالتۇندىن سوقۇلغان، قۇيۇلغان پۇللار ئوبوروت قىلىنغان. ئۇلاردىن ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

1. ئالتۇن نوكچا: ئالتۇننى ئېرىتىپ چاسا شەكىلدە قۇيۇپ چىقىلغان پۇل بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈزۈنچاق چاسا شەكىلدە ۋە ياپىلاق قىلىپ قۇيۇپ چىقىلغان. يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن «نوكچا» دەپ ئاتالغان، چوڭ نوكچا يامبۇ شەكلىدە بولغان، كىچىك نوكچىنىڭ مۇقىم شەكلى بولمىغان.

2. دىنار: ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى ۋە يېقىنقى زاماندا ئىشلىتىلگەن ئالتۇن پۇلنىڭ نامى ۋە پۇل بىرلىكى. «چاغاتايچە لۇغەت» تە: «دىنار ئالتۇن تەڭگە، پۇل بىرلىكى، قىپقىزىل چاقناپ تۇرغان» دېگەن مەنىلەردە ئىزاھلانغان. «تۈركچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت»تە: «دىنار ئالتۇن پۇل، لاتىن تىلىدىن كەلگەن» دېيىلگەن. موڭغۇللار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا 2000 دىنار بىر ئالتۇن بالىشقا، 200 دىنار بىر كۈمۈش بالىشقا، 10 دىنار بىر قەغەز بالىشقا تەڭ بولغان.

شىنجاڭ تارىخىدا قۇرۇلغان يەرلىك هاكىمىيەتلەر هۆكۈمرانلىرىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، هارون بۇغراخان، يۇسۇپ قادىرخان، سۇلايمان ئارسلان قاراخان قاتارلىق خاقانلىرى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى كېبەك، يەكەن خانلىقىنىڭ هۆكۈمرانى سەئىدخان قاتارلىقلار تىللا، تەڭگە، مىس يارماقلارنى قۇيدۇرۇپ تارقاتقان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئالتۇن بايلىق ۋە راھەت-پاراغەتنىڭ بەلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەتىۋارلىق تاۋارغا ئايلانغان. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئالتۇن قېزىش پەيدىنپەي هۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىدىن هالقىپ كەتكەن. خوتەن بوستانلىقىدىكى يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرى يېڭى ئالتۇن قېزىش رايونى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سۇۋۇلجاق، چەرچەن دەرياسى جىلغىسىدىكى توغرىساي، قۇرۇمتاغدىكى ئاقتاش قاتارلىق جايلار ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ قىزىقىدىغان كان نۇقتىلىرى بولۇپ قالغان. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ غەربكە ماڭغاندا، يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، كۇچانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى دەريا ۋادىسى، كورلىدىكى قۇرۇقتاغ قاتارلىق جايلارمۇ كۆپلىگەن ئالتۇن قازغۇچىلارنى جەلپ قىلغان. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە ئالتۇن

قازغۇچىلار ئالتاي تېغىدىكى خاشىيۇك جىلغىسىدىن بىر قېتىمدىلا 29 سەرلىك، ئالتە سەرلىك، تۆت سەرلىك ئۈچ دانە ئالتۇن قېزىۋالغان. شۇ مەزگىلدە ئالتۇن قازغۇچىلار كۆپ بولغاندا 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن، بىر كىشىنىڭ بىر يىلدا قازغان ئالتۇنى 20 نەچچە سەرگە يەتكەن. 1916 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 60 ~ 70 مىڭ سەر، 1921 ـ يىلى 30 مىڭ سەر، 1932 ـ يىلى 70 ~ 80 مىڭ سەر ئالتۇن قېزىلغان. دېمەك، ئالتۇن مەھسۇلاتى يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلەپ كەتكەن، بۇنىڭغا ئالتۇن قېزىش تېخنىكىسىنىڭ قالاقلىقى، بولۇپمۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئالتۇن قازغۇچىلارغا قاتتىق زۇلۇم سېلىپ، ئۇلار ئۈستىدىكى باج ـ سېلىقنى كۆپەيتىپ (شۇ چاغلاردا بىر ئالتۇن قازغۇچى ئېيىغا 3 ~ 4 مىسقال ئالتۇن تاپشۇرۇش بەلگىلەنگەن)، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا بەرھەم بەرگەنلىكى سەۋەب بولغان. بۇ دەۋردە ئالتايدىن باشقا چۆچەك، ئۈرۈمچى، ماناس، گۈچۈڭ، خوتەن، چاقىلىق قاتارلىق جايلاردىمۇ ئالتۇن كېنى ئېچىلغان. جىن شۇرېن گېرمانىيىگە ئادەم ئەۋەتىپ، 10 دانە ئالتۇن كولاش ـ چايقاش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، 2 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) ئەتىيازدا ئىشقا كىرىشتۈرمەكچى بولغان. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش جەريانىدىكى مەبلەغ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالتۇن قېزىش ئىشىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى قاتارىغا كىرگۈزدى. كۆلەملەشكەن ئالتۇن قېزىش ئىشلىرىنى ئاساسەن ھۆكۈمەت تەرەپ يولغا قويدى.

ئالتاي ئالتۇن كېنى ئىدارىسى ئەڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ كانچىلىق ئاپپاراتى بولۇپ، 1935 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇرۇلغانىدى. 1936 ـ يىلى ئالتاي ئالتۇن كېنى ئىدارىسى خوتەن، يەكەن، يېڭىسار، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئالتۇن قازغۇچى قوبۇل قىلىپ، ئالتاينىڭ ھەرقايسى كان نۇقتىلىرىدا ئالتۇن قازدۇرغان. 1937 ـ يىلى ئالتاي ئالتۇن كېنى ئىدارىسىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقارغان ئالتۇنى 1500 سەردىن ئاشتى. كېيىنچە سوۋېت ئىتتىپاقى تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلى، تارباغاتاي، خوتەن، كېرىيە، چەرچەن قاتارلىق جايلاردىمۇ كەڭ دائىرىدە ئالتۇن كېنى تېپىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئالتۇن زاپىسىنىڭ موللۇقى بايقالغاچقا، 1937 ـ يىلى ئىلى ئالتۇن كېنى ئىدارىسى قۇرۇلدى. جايلاردىكى ھۆكۈمەت تارماقلىرى پەيدىنپەي ئالتۇن قېزىشنىڭ ئۈنۈمى ۋە قىممىتىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن يەرلىكتە ئالتۇن قېزىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇ ئالتۇن قېزىش قىزغىنلىقى جەريانىدا، باركۆل، گۈچۈڭ، تۇرپان، قاراشەھەر، يەكەنلەردىمۇ بۇ جەھەتتە ئۆز كارامىتىنى نامايان قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ۋە كېرىيەدىكى ئالتۇن قېزىش ئىشلىرى ئەڭ راۋاجلاندى. 1936 ـ، 1937 ـ يىللىرى ئالتۇن قېزىش ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ ئاساسلىق پاراڭ تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تۈرتكىسىدە، ئالتۇن قېزىش بارا ـ بارا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ كونتروللۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ، خۇسۇسىي

ئالتۇن قازغۇچىلارمۇ بەس-بەستە بۇ كەسىپكە تۇتۇش قىلدى. دەسلەپتە خۇسۇسىي ئالتۇن قازغۇچىلار تەمىنلىگەن زور مىقداردىكى باج سوممىسى ۋە يېتەرلىك مەھسۇلات مىقدارى بىر مەھەل ھۆكۈمەتنى ئىنتايىن خۇشاللاندۇردى، ئەمما ھۆكۈمەت ناھايىتى تېزلا بۇنىڭدىن پەيدا بولغان ھەرخىل سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى كۆرۈپ يەتتى. خۇسۇسىي ئالتۇن قازغۇچىلار ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى زور مىقداردا بازارغا سالغاندىن كېيىن، ئالتۇن باھاسىنىڭ قالايمىقانلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇسۇسىي ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ كان مەنبەلىرىنى تالىشىشىدىن كېلىپ چىققان جېدەل-ماجىرالار پەقەت بېسىقمىدى. ئالدىنقىسى ئىقتىسادىي تەسىر پەيدا قىلسا، كېيىنكىسى ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلدى. مۇشۇنداق شارائىتتا ھۆكۈمەت بىر قاتار بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلىپ، كان ئېچىشنى تىزىمغا ئېلىش، گۇۋاھنامە بويىچە تىجارەت قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، خۇسۇسىي ئالتۇن قېزىشنى تېخىمۇ ئۆلچەملەشتۈردى. 1936-يىلى ئالتۇن قېزىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن خۇسۇسىي ئالتۇن قازغۇچىلار 40 قا، 1937-يىلى 102 گە يەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ خۇسۇسىي ئالتۇن قېزىشنى كېڭەيتىشى، شۈبھىسىزكى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ يۈكتىن خالاس بولۇشىدىكى بىر قەدىمى بولۇپ قالدى. ئەمما ئالتۇن تەڭداشسىز ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت تەبىئىيكى بۇنىڭغا پۈتۈنلەي پەرۋاسىز قارىيالمايتتى. شۇڭا ھۆكۈمەتنىڭ ئالتۇن قېزىش خىزمىتىنى تەشكىللىشى روشەن كۆرسەتمىلىككە ئىگە بولدى.

ئالتاي ئالتۇن كېنى ئىدارىسىنىڭ ئالتۇن مىقدارى 2-ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلىدە ھۆكۈمەت باشقۇرغان ئالتۇن قېزىش كەسپىدە داۋاملىق ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن 1939-يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ئالتاي ئالتۇن كېنى ئىدارىسىگە سالغان مەبلىغى 1 مىليون 280 مىڭ 867 يۈەنگە يەتتى، مەزكۇر ئىدارىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى تېز كېڭىيىپ، ئىشچىسى 3000 دىن ئاشتى.

ئىلى ئالتۇن كېنى ئىدارىسى دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، مەھسۇلات مىقدارى ئىزچىل كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىگەچكە، ھۆكۈمەت ئىلى رايونىدا خۇسۇسىي ئالتۇن قېزىشقا بولغان چەكلىمىنى مەقسەتلىك كەڭ قويۇۋەتتى، نەتىجىدە بۇ رايوندىكى خۇسۇسىي ئالتۇن قېزىش پائالىيىتى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئالتۇن قېزىش كۆلىمىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

مەھسۇلات مىقدارىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خوتەن رايونى بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، ئەمما قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى، بولۇپمۇ سېلىنما چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن، ھۆكۈمەت خوتەن رايونىدا ئالتۇن قېزىشتا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش ئاپپاراتى تەشكىللىيەلمىدى. پەقەت 1937 ~ 1938-يىللىرىلا، ھۆكۈمەتنىڭ خوتەن رايونىدىكى خۇسۇسىي ئالتۇن قازغۇچىلاردىن يىغقان بېجى تەخمىنەن 3750 سەر كېسەك ئالتۇنغا يەتكەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئالتۇن قېزىش، ئالتۇن زاپىسىنى ئېنىقلاش ۋە ئالتۇن قېزىشنى

www.uyghurkitap.com

زامانىۋىلاشتۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەندى. غەربىي جۇڭغارىيىدىكى خاتۇ ئالتۇن كېنى شىنجاڭ بويىچە ماشىنىلاشقان ئالتۇن كېنى بولۇپ، بۇ كان 1983-يىلى 10-ئايدا ئىش باشلاپ، 1985-يىلى 5-ئايغىچە 10 مىڭ سەردىن كۆپرەك ئالتۇن قازدى. «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» 1-توم 530 ~ 533-بەتلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، پەن-تېخنىكا خادىملىرى شىنجاڭنىڭ 56 ناھىيىسىدىكى 300 نەچچە جايدا ئالتۇن بارلىقىنى، 1999-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئېنىقلانغان ئالتۇن زاپىسى تەخمىنەن 200 توننا ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ئىچىدە تاغ ئالتۇنى زاپىسىنىڭ تەخمىنەن 190 توننا، كېپەك ئالتۇن قاتارلىقلارنىڭ زاپىسىنىڭ تەخمىنەن 10 توننا ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلغان.

شىنجاڭنىڭ قۇم بارخانلىرى قىلىن، قۇم تەركىبىدىكى ئالتۇن نىسبىتى يۇقىرى. ئالتاي تېغىدىكى بەزى جىلغىلاردىكى قۇم-شېغىللىقلاردىن كۆپ قېتىم ئالتۇن چايقۇۋېلىنغان بولسىمۇ، ھازىر يەنىلا ئالتۇن چايقاپ ئېلىشقا بولىدۇ. «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى ئېچىش» (خەنزۇچە) دېگەن كىتابتا، شىنجاڭ گېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ ئاشپىزى ئىشتىن سىرتقى چاغلىرىدا ئالتۇن چايقاپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىككى مىسقال ئالتۇن تاپقانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1-توم «ئۇيغۇر» توغرىسىدىكى ئىزاھ.
2. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىلى نەشرى.
3. «شىنجاڭدا ئۆتكەن قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» شاپىگراف نۇسخا.
4. «جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» شاپىگراف نۇسخا.
5. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» (ئۇيغۇرچە نەشرى) 517-، 641-بەت.
6. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەنزۇچە)، 1-، 3- قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
7. ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى نەشرى.
8. «بىلىم — كۈچ» ژۇرنىلىنىڭ 1988-، 1990-يىللىق 1-سانى.
9. ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى.
10. ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
11. ئا. ھېلىمھاجى، ئا. مەخسۇت: «ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 2003-يىلى نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: بىلىقىز مۇھەممەت

# 1913 ـ يىلى خوتەن شەھرى ئالتۇنلۇق مازاردا ئېچىلغان پەننىي مەكتەپ ھەققىدە ئەسلىمە

مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجى

چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىدىن تاكى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىغىچە بولغان ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە ھۆكۈمران تەبىقىلەر پەننىي مائارىپقا، يېڭىلىققا جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ، مەكتەپ-مەدرىسلەردە خاس دىنىي ئوقۇتۇشقىلا رۇخسەت قىلدى. ئۇلار ھەتتا ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئەنئەنىلىرىنىمۇ چەتكە قاقتى. شۇ مەزگىللەردە مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئاتۇش، قەشقەر، ئىلى، تۇرپانلاردا پەننىي مەكتەپلەر ئېچىلغان بولسىمۇ، خوتەن تەۋەسىدە كونىچە دىنىي ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قانچە دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسلەر بولغاندىن باشقا، يېڭىچە ئىلىم-پەندىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى.

1913-يىلى تۈركىيىدىن ئىسمائىل ھەققى دېگەن بىر كىشى قەشقەرگە كېلىدۇ. بۇ ئادەم پەننىي بىلىم ئوقۇتۇشقا كامىل مۇئەللىم ئىكەن. خوتەنلىك سودىگەر قۇربانھاجىم قايماق بۇنى ئاڭلاپ ئىسمائىل ھەققىنى بالىلىرىمىزنى ئوقۇتۇپ بەرسىلە دەپ، يول خىراجەتلىرىنى بېرىپ، خوتەنگە ئېلىپ كېلىدۇ ھەم ئەھۋالنى خوتەننىڭ زۇڭ بېگى روزىمۇھەممەد بەگكە مەلۇم قىلىپ، باشقا جايلاردا كىشىلەر بالىلىرىنى پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، ئەۋلادلىرىنىڭ زامانىۋى ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئىگىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، خوتەندىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭمۇ ئەمدى بۇ ئىشقا سەل قارىسا بولمايدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن ئىسمائىل ھەققىنى قەشقەردىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنلىكىنى، روزىمۇھەممەد بەگنىڭ يۇرتىنىڭ چوڭى بولغاچقا ئۆزى باش بولۇپ، بالىلارغا پەننىي ئىلىم ئۆگىتىدىغان مەكتەپ ئېچىشقا يول ئېچىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن كۈچ قوشىدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىدۇ. روزىمۇھەممەد بەگ قۇربان ھاجىمنىڭ بۇ تەكلىپىگە بەكمۇ خۇرسەنلىك بىلەن قوشۇلۇپ، ئالتۇن مازار ئىچىدە ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ تەييارلاپ، ئۈستەل-ئورۇندۇق، دوسكىلارنى راسلىتىپ بېرىدۇ ھەم بۇ مەكتەپكە ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوغلى مەھمۇد بەگ بىلەن خوتۇنىنىڭ ئىنىسى تۆمۈر مىراپبەگنىڭ ئوغلى ياقۇپنى ئوقۇشقا بېرىدۇ. كەينىدىن قۇربان ھاجىم ئوغلى نىزامىدىن بىلەن ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئوسماننى، خەلىفىلىك ھويلىدا ئولتۇرۇشلۇق مۇھەممەدنىياز ھاجىم ئوغلى ئابدۇكېرىمنى، سىڭلىسىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمىننى، قىزىق داۋزىسىدىكى كاۋۇل كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق قاسىم قارىم ئوغلى مۇھەممەد تۇردىنى، يۇرۇڭقاشلىق ياقۇپ ھاجىم ئوغلى ئابدۇرېھىمنى، يامۇلنىڭ تۇڭچىسى قاراقاشلىق باۋۇدۇن بەگ ئىنىسىنىڭ ئوغلى جامالنى، ئابدۇللاجان ھاجىم گاچا ئوغلى مۇھەممەدجاننى ئەكىلىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ-تىزىملانغان 66 بالا(ھەممىسى ئوغۇل) ئىككى سىنىپقا بۆلۈنۈپ، ئىسمائىل ھەققىنىڭ



مۇئەللىملىكىدە دەرس باشلىنىدۇ. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى ئىسمائىل ھەققى ئۆزى بېكىتكەن بولۇپ، دىن دەرسىدىن باشقا ئانا تىل، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، شېئىر(ناخشا)، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىسمىغا بىردىن لەقەم قوشۇپ ئاتىلىدۇ.

ئىسمائىل ھەققى تەنتەربىيە دەرسىدىن باشقا دەرسلەرنى سىنىپتا ئۆتىدۇ. تەنتەربىيە دەرسىدە ئوقۇغۇچىلارنى ئۈچ قاتار سەپكە تىزىپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىغا يېقىن شامالباغدىكى كەڭرى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ تەنھەرىكەت مەشىقىگە سالىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھى ھالىتى بەكمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، دەريا بويىغا چىقىش-كىرىشتە، ئىسمائىل ھەققى ئۆگەتكەن مارش-ناخشىلارنى ئۈنلۈك ئاۋازدا جاراڭلىق ئوقۇشۇپ ماڭىدۇ.

بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىسقا ۋاقىتتىلا خەت ساۋادى چىقىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئاڭ-پىكرى ئېچىلىپ، ئىككى يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە يېڭىچە قاراشقا، خېلى ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە بولۇپ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدى.

1915-يىلىغا كەلگەندە يۇقىرىدىن ۋىلايەتلەرگە يېڭىچە مەكتەپلەرنى تاقاش، ئوقۇغۇچىلارنى تارقىتىۋېتىش، قارشىلىق قىلغانلارنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى كېلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان روزىمۇھەممەد بەگ ئالدى بىلەن ئىككى ئات تەييارلاپ، مۇئەللىم ئىسمائىل ھەققىگە بىر ئادەم قوشۇپ، خىراجەتلىرىنى بېرىپ، ئۇ ئادەمگە ئىسمائىل ھەققىنى قەشقەرگىچە ئاپىرىپ ئاندىن يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويۇشنى تاپىلاپ كېچىسى يولغا سېلىنىۋېتىدۇ. ئەمما ئىسمائىل ھەققىنى تۇتقىلى كەلگەن ئادەملەرگە، «ئۆزى قېچىپ كېتىپتۇ» دەپ قويىدۇ.

مەكتەپ تاقىلىپ ئوقۇش توختىغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك مۇتەئەسسىپ ئاخۇنلار بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان باللارنى «بۇلار جەدىدلەرنىڭ بۇزۇق مەكتىپىدە ئوقۇغان، بۇلارنى نازارەت قىلمىغاندا باشقىلارنى بۇزىدۇ» دەپ نازارەت قىلىش باھانىسىدە ئۇلارغا ئاۋارىچىلىق سېلىپ، روھى بېسىم پەيدا قىلىدۇ ۋە قەستەن بىرەر ئەيىب تېپىپ زىندانغا تاشلاش غەرىزىدە بولىدۇ. سۆز ھەرىكىتىگە چەك قويۇلۇپ، بارغانسېرى يەكلەشكە ئۇچراۋاتقان بۇ باللارنىڭ بەزىلىرى ئۆز يۇرتىدا تۇرالماي، باشقا جايلارغا كېتىپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. گەرچە بۇ پەننىي مەكتەپ تاقالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش، نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئىلغارلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق داۋاملىق يېڭىچە بىلىم ئىگىلەپ، شۇ جايدىكى ئورۇنلارنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. بەزىلىرى خوتەن قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى خوتەن ھۆكۈمىتىدە ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ، بەزىلىرى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەيدۇ، بەزىلىرى مەكتەپكە مۇدىر بولىدۇ، بەزىلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگىنىدا ئىشلەيدۇ. مەھمۇد مۇختار، نىزامىدىن تەلئەت، ئابدۇكېرىم فاتىھ، ياقۇپ جاۋىد، مۇھەممەتتۇردى فارۇق، ئابدۇرېھىم غالىپلار شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ۋە خائىن، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى تۈپەيلىدىن خوتەننىڭ قاراڭغۇ ئاسمىنىدا بىر مەزگىل يورۇق يۇلتۇزدەك نۇرلانغان بۇ مەكتەپ قىسقىغىنە ئىككى يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز قوينىدا تەربىيە ئالغان خوتەن ياشلىرىنىڭ دىلىنى ئويغىتىپ، ئۇلارغا ئىلىم-مەرىپەت ئارقىلىق ئىستىقبال يولىنى ئېچىش كېرەكلىكىنى تونۇتقان، مەزكۇر مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جەڭگىۋار مارش سادالىرى ۋە روھلۇق، تېتىك قىياپەتلىرى خوتەن خەلقىنىڭ قەلبىگە ئۈمىد ئوتلىرىنى تۇتاشتۇرغانىدى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق (قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزا 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

www.uyghurkitap.com

# چاغانبۇتلۇقلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى

ئابلىمىت ئىمىن

**1. چاغانبۇتلۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ يۇرت-ماكانلىرى**

موري ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، جەنۇبىي تەرىپى پىچان ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي تەرىپى باركۆل ناھىيىسى بىلەن، غەربىي تەرىپى گۇچۇڭ (چۇەنجى) ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي تەرىپى موڭغۇلىيە بىلەن تۇتىشىدۇ. موري قەدىمىي ماكانلارنىڭ بىرى بولۇپ، 13~18-ئەسىرلەرگىچە مۇرەن، مۇرۇن دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. موري سۇ ئامبىرىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ئەنە شۇ مۇرەن قەلئەسىنىڭ خارابىسى ساقلىنىپ تۇرماقتا. قەلئە سېپىلىنىڭ غەربىدە چوڭ بىر ئېقىن بار، بۇ ئېقىن چوڭ ياشلىق كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى سۈيى ئۇلۇغ دەريا ئىكەندۇق. غەربتە كەيكۈن دەرياسىنىڭ بېشىدىن شەرقتە قۇرغاق سايغىچە بولغان بۇ تەكشى تاغلىق چاغانبۇتلۇقلارنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ، شەرقتىن غەربكە 80 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان قالقانتاغدىن ئاتىيالاققىچە بولغان ئېگىز چوققىلارنى يىل بويى قار-مۇز قاپلاپ تۇرىدۇ، ئىلگىرى بۇ تاغلاردا قويۇق ئۆسكەن سامىرسىن قارىغىيى، تاغ تېرىكى، قىرچىنتال، چىندان، ئاق قېيىن، دولانا قاتارلىق ئورماندىن باشقا يەنە چاتقاللارنىڭ قېلىنلىقىدىن يول تېپىپ مېڭىش تولىمۇ تەس ئىدى (بۇ ئورمان ھازىر كېسىلىپ بولدى).

مانا مۇشۇ چاغانبۇت ئېگىزلىكىنى مەركەز قىلىپ ياشاپ كەلگەن چاغانبۇتلۇقلار بۇنىڭدىن 600 نەچچە يىل ئىلگىرى خىزىرخوجا ئىدىقۇت خانىنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىسلام ئاچقاندىمۇ ئىسلاملىشىپ بولالماي، 15-ئەسىردىن كېيىن ئىسلاملاشقان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ جايلار لۈكچۈن ۋاڭلىقىغا قارىغان. ئىمىن ۋاڭ باشقۇرۇشقا قۇلايلىق بولۇش ئۈچۈن، بىر پۈتۈن چاغانبۇتلۇقلارنىڭ زېمىنىنى ئىككى دورغىلىققا بۆلۈپ، كەيكۈن ساھىلىدىن غەربىي جاپىچانغىچە بولغان جايلاردىكى چارۋىچىلارنى ئاقيول دورغىنىڭ باشقۇرۇشىغا، شەرقىي جاپىچان ۋە دوپتېرەكتىن تاكى قۇرغاق سايغىچە بولغان تاغلىق رايوندىكى چارۋىچىلارنى روزىمەت دورغىنىڭ باشقۇرۇشىغا قويغانىكەن. پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ دورغىلار تولىمۇ زالىم ئىكەن. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك خەلق قوشاقلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا ساقلىنىپ كەلمەكتە:

ئاقيول دورغا باشىغا كەيگىنى مانجۇ قالپاق،
كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ سۇلو ئايىنى تارتىۋالماق.



www.uyghurkitap.com

ئاقيول دورغا ئەجەب زالىم ئەلگە ئارام بولمىدى،
ئاقيول دورغا دەستىدە سۇلۇ قىزلار هارام بولدى.

شۇنداق قىلىپ ئەزەلدىن ئۈم-ئىناق ئۆتۈپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلار مۇشۇ ۋەجىدىن جاپچانلىق، بوستانلىق دەپ ئاتىشىدىغان، ھەتتا كېيىنكى چاغلاردا شىبك جياگۇلۇقلار دەپ ئاتىشىدىغان بولغان.

چاغانبۇتلۇق پېشقەدەملەردىن ھەۋەيدۇللا بوۋا مۇنداق دەيدۇ: «بىز چاغانبۇتلۇقلار ئەلمىساقتىن تارتىپ مۇشۇ تاغلاردا چارۋىچىلىق قىلىپ، ئوۋ ئوۋلاپ ياشاپ كەپتىمىز. بىز ئەسلىدە ‹خاقانبۇتلۇقلار› دەپ ئاتالغانىكەنمىز. بۇ چاغانبۇت ئېگىزلىكىدە يېشىل بوياقلىق ھەيۋەتلىك بۇت بولىدىغان. ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىر كۆپار پادىشاھ شۇ بۇتقا ئىبادەت قىلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ‹خاننىڭ بۇتى› دېگەن مەنىدە ‹خاقان بۇت› دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن. كېيىن قالماقلار زامانىدا كەلگەندە چاغانبۇتلۇقلار دەپ ئاتىلىپتىمىز.»

2. ئىگىلىك ئادەتلىرى

چاغانبۇت ئۇيغۇرلىرى چارۋىچىلىقنى ئاساس، ئۇۋچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

يۈز ياشتىن ئاشقان ئىپارخان ئانا (1987-يىلى ۋاپات بولغان) ۋە 80 ~ 90 ياشتىن ھالقىغان ھەۋەيدۇللا، ئىمىن بوۋىلىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ كەيكۈن دەرياسىنىڭ بېشىدىن قۇرغاقسايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يايلاق، كۈزلەك ۋە قىشلاقلاردا ياشاپ كەلگەن. ئاتا-بوۋىمىز كۆچمەن چارۋىچى بولغاچ، باشقا خەلقلەردەك ئاي قوغلاشماي، پەسىل قوغلىشىپ، يىلدا ئۈچ قېتىم كۆچۈشنى ئادەت قىلغان. يازدا يايلاقلاردا، كۈزدە كۈزلەكلەردە مال باقسا، قىشتا قىشلاقلارغا ماكانلىشىپ، كۈزدە ئورۇۋالغان ئوت-چۆپ بىلەن ماللارنى قىشتىن چىقىراتتۇق». چاغانبۇتلۇقلار مەزگىلسىز مال پادىلىرىنى كۈزلەك، قىشلاقلارغا ئاپارمايدۇ، مەزگىلسىز ئوت-چۆپلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلمايدۇ.

1934-يىلى شىبك شىسەي ھۆكۈمىتى بىرقىسىم چارۋىچىلارنى جاپچان، بەلچىر ئەتراپلىرىغا كۆچۈرۈپ، بىنام ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، شۇنداقتىمۇ 1960-يىللاردىن ئىلگىرى ئۇلار دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا-تىجارەتنى قوشۇمچە ئادەت قىلمىغان، شۇڭا ئۇلاردا چارۋىچىلىقتىن ئايرىلغان تۇرمۇش غەيرىي ئادەت دەپ قارىلاتتى. سىرتتىن كەلگەن سودا كارۋانلىرى بىلەن بىر بولاق سەرەڭگىنى بىر قوي تېرىسىگە، بىر قاپ يىڭنىنى بىر ئوغلاققا، بىر قازاننى بىر ئېرىك قويغا ئالماشتۇرىدىغان نەرسىنى نەرسىگە ئالماشتۇرۇش سودىسى تاكى بۇ جايلاردا يوللار راۋان بولغانغا قەدەر داۋاملاشقانىدى.

چاغانبۇتلۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي ئادەتلىرىدە باي-كەمبەغەللىك مۇناسىۋەتلىرى، يەنى بايلىق تۆپەيلى كەمبەغەللەرنى ئۆزگە بېقىندۇرۇش ياكى نامراتلىق تۆپەيلى باشقىلارغا بېقىنىش ئادەتلىرى باشقا رايونلاردىكىدەك روشەن ئەمەس. بۇ تاغلىق رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ چارۋىچىلىق ئادىتىمۇ باشقا جايلاردىكى كەسپىي چارۋىچىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ھەرقانداق پادىسىنى ئات ئۈستىدە يۈرۈپ باقىدۇ. بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كۆچكەندە مال پادىلىرىنى ئاتلىق ھەيدەيدۇ، ئۆيىنى ئاتلىق كۆچۈرىدۇ. ئات، كالىلارنى بىر-بىرلىرى بىلەن ياكى باشقا چارۋىلار بىلەن بىللە ھەيدىمەيدۇ،

بىللە باقمايدۇ، بىللە سولىمايدۇ. ئات، كالىلار ئۆز تۇرلىرى بويىچە ئايرىم يايلاقلاردا توپ-توپى بىلەن ئوتلايدۇ، ئۇلارنىڭ كەينىدە ئادەم يۈرمەيدۇ، ھەپتە-ئون كۈندە بىرىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ قويسىلا كۇپايە. قوي، ئۆچكە، قوتازدىن باشقا ماللارنى قىرقمايدۇ، يۇڭىنى ئىشلەتمەيدۇ. قوي، بايتال، ھىنگانلارنى سېغىپ سۈتىنى ئىچىش ئادىتى يوق. كالا ۋە قوتاز سۈتىدىن سېرىق ياغ، قېتىق، قايماق، سۈزمە، ئەگدەك (قۇرۇت)، سېرىق ئەجگەي (سېرىق ئىرىمچىك)، ئاق ئەجگەي (ئاق ئىرىمچىك) قاتارلىقلارنى چىقىرىدۇ. بۇرۇنقى چاغانبۇت ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆچمەن ھاياتىدا قوتازنى كۆپلەپ باققان، چۈنكى قوتاز سوغۇققا، ھۆل-يېغىنغا چىداملىق، تىك قىيالاردا بىخەتەر ماڭالايدىغان، يىرتقۇچلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان، يىل بويى سوغوق ۋە خەتەرلىك ئېگىزلىكلەردە تارقاق ئوتلايدىغان، كۆپىيىشى ئاسان، كۆچتۈڭگۈر، جاھىل، يېرىم ياۋايى ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆچىدىن، گۆشىدىن، سۈتىدىن ۋە تېرە-چۈپۈرلىرىدىن يېتەرلىك پايدىلانغىلى بولاتتى.

چاغانبۇتتىكى ھەممە ئائىلە ماللىرىنىڭ قۇلىقىغا ئوخشىمىغان ئەن سالىدۇ، قوي ۋە ئۆچكىلەرنى يىلدا ئىككى قېتىم قىرقىيدۇ، 5-ئايدا قىرقىلغىنى جاۋاق يۇڭ، كۈزدە قىرقىلغىنى كۈزەم يۇڭ دېيىلىدۇ. جاۋاق يۇڭىدىن سۇپەتلىك يىپ ئىگىرىپ، پايپاق، ئىشتان، چاپان ۋە بەلۋاغ، كاپ تاغار قاتارلىقلارنى توقۇسا، كۈزەم يۇڭىدىن كىگىز، تەڭلىمات ۋە ئاق ئۆينىڭ كىگىزلىرىنى ئېتىدۇ. ھەممە ئائىلە ئىت باقىدۇ. يوقالغان ئات، كالىلىرىنى تۇياق ئىزىغا قاراپ تېپىۋالىدىغان، ماللىرىنى مەرەش ۋە مۆرەشلىرىدىن تونۇۋالىدىغان زېرەكلىككە ئىگە.

### 3. توتېملارغا تېۋىنىش ئادەتلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ سۈننى مەزھىبىگە ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان چاغانبۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تەبىئەت مۆجىزىلىرىگە، ھادىسىلەرگە چوقۇنىدىغان ئادەتلەرمۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ يەر، سۇ، ئاسمان، ئاي، كۈن ۋە ئوت، ھايۋان، دەرەخ قاتارلىق مەۋجۇداتلارغا تەگرىلەر قاتارىدا سېغىنىدىغان تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام ئېتىقادچىلىقى بىلەن زىچ بىرىكىپ، ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ غەيرىي ئادەتلەر بىز تىلغا ئېلىۋاتقان بۇ دائىرىدە سىرتقى تەسىرنى رەت قىلىدىغان ئادەت كۈچى تۈپەيلى ئىلگىرى خېلى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى سەل سۇسلىشىپ قالدى. بۇ ئادەتلەر ئۇلارنىڭ دۇئا-تىلاۋەتلىرىدە، جامائەت مۇناسىۋەتلىرىدە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئالقىش، ئاغرىنىش، خۇشاللىق، قارغىش، ئاغرىق-سىلاق، ئاۋارىچىلىق تۈپەيلى قىلىنىدىغان تۈنەك، نەزىر-چىراغ، خەتمە ۋە باشقا دىنىي پائالىيەتلىرىدە «ياراتقان ئاللاھ ھەققىدە»، «ئاسمان-زېمىن ھەققىدە»، «ئوت-سۇلار ھەققىدە» دېگەندەك دۇئا تىلى بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى بىز شۇ دۇئا تىلىدىن ئاسمان-زېمىن، ئۇچالىق-تىنالىقلارنىڭ تەگرى ئورنىدا قويۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزىمىز. قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، مۇسۇلمانچە دۇئا شەكلى بىلەن توتېملاردىن پاناھ، رەھىم-شەپقەت تىلەيدىغان ئادەتلىرىدىن توتېملارغا تېۋىنىشنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي مىساللىرىنىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز.

چاغانبۇت ئۇيغۇرلىرى سەپەرگە چىقىش،

www.uyghurkitap.com

ئۆي كۆچۈش، مال كۆچۈرۈش ئالدىدا يەر-زېمىنغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزىدۇ. بىر قىسىم قەدىمىي جايلارنى تۆگەتاش خوجام، ئۇچبۇلاق خوجام، جاخوجام دېگەندەك ناملار بىلەن ئۇلۇغلاپ زىيارەت قىلىدىغان، ئۇ يەرلەرگە دۇئا قىلىدىغان ئادەت شەكىللىرى، كۈندۈزى كۈنگە، كېچىسى ئايغا قاراپ تەرەت قىلمايدىغان، يەر قۇچاقلاپ يىغلايدىغان، يەرنى مۇشتلاپ تۇرۇپ شەرتلىشىدىغان، ئورۇشۇپ تالىشىپ كۆكۈل قىلىشلاردا «ۋۇ سېنى يەر يۇتقاي»، «شۇ قىلغانلىرىڭغا ئاقۋەت يەر قۇچاقلارسەن» دەپ قارغىشىدىغان، ئىسرىق سالىدىغان ئادەت شەكىللىرىمۇ روشەن تۈس ئالغان.

بۇ تاغلىق ئۇيغۇرلاردا ئېقىن سۇغا تۈكۈرمەيدىغان، چوڭ-كىچىك تەرەت قىلمايدىغان، يۇندا-ئەخلەت تۆكمەيدىغان، هايۋان، قۇشلارنىڭ ئۇۋۇلىرىنى، قان-ئىنلىرىنى تاشلىمايدىغان، سۇدىن نىجاتلىق تىلەپ تۇرىدىغان ئادەتلەرمۇ كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئەخلاق سۈپىتىدە ئومۇملاشقان. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، بۇ يەردە سۈيى يىل بويى چىقىپ تۇرىدىغان سۈزۈك بۇلاقلارنى مۇقەددەس بىلىپ قان قىلىپ تۇنەيدىغان، ياغ پۇرىتىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغان ئادەتلەر خېلى قويۇق. بۇ پائالىيەتلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كېسەللەرگە شىپالىق، هاجەتلىرىگە نىجاتلىق، مۇشكۈلاتلىرىغا ئاسايىشلىق تىلەپ قىلىدىغان بىر خىل ئىبادەت هېسابلىنىدۇ. تۆمۈرخان خوجام مازىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى تامچە بۇلاق، تۆگەتاش خوجامدىكى بۇلاق، كىچىك داۋان تۆۋىدىكى جاخوجام دەپ ئاتالغان سىيپاق تاشتىن چىقىۋاتقان بۇلاق بويلىرىدا هاۋا كېلىماتىغا قاراپ 5-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن باشلاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان سارا بايرىمىدا قۇرغاقچىلىق ياكى هۆلچىلىك ئېغىرراق بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن جامائەت بۇلاق بېشىغا توپلىشىپ، مال ئۆلتۈرۈپ قان قىلىپ، نەزىر قىلىپ، ئاسمانغا قاراپ دۇئا قىلىدىغان، خەتمەقۇرئان ئوقۇپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ ئاسماندىن قار-يامغۇرنىڭ مۇۋاپىق يېغىپ بېرىشىنى تىلەيدىغان پائالىيەتلەر خېلى ئەۋج ئالىدۇ. ئۇلار هەرقانداق ۋاقىتتا بۇ بۇلاق بويلىرىدىن ئۆتكەندە ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئۇلاغدىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىپ ئۆتىدۇ.

ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئائىت ئەدەتلەردىن ئاغرىقلارنى ئوت بىلەن ئۇچۇغداش، بېشىدىن ئوت ئۆرۈپ داۋالاش، قىزلارنى ئوتتىن ئاتلىتىپ تۇرۇش، تويى بولغان قىزنى ئوتتىن ئاتلىتىش، چوغ چايقاپ ئېچكۈزۈش، ئوتقا تۈكۈرمەسلىك، تەرەت قىلماسلىق، ئۆينىڭ ئوتنى كۆمۈپ ساقلاش، ئادەم ئۆلسە 40 كۈنگىچە چىراغ يېقىش، ئوتقا ياغ چېچىپ هىد پۇرىتىش قاتارلىق ئادەتلەرنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز.

چاغانبۇتلۇقلاردا «تاغدا بۆره بولمىسا، قوي ساراڭ بولۇپ قالىدۇ، بۆره بولسا، قوي تېز ئۆسىدۇ» دېيدىغان ماقال بار. ئۇلار، بۆرىنىڭ دولا سۆڭىكىنى بۆشۈكتىكى بالىنىڭ باش تەرىپىگە قويۇپ قويسا، بالا-قازادىن ساقلايدۇ، بۆره ئوشۇقىنى دائىم يېنىدا ساقلاپ يۈرسە ياكى تۇمار قىلىپ ئېسىۋالسا، بالا-قازادىن يىراق بولىدۇ، بۆره ئوشۇقى بار ئادەم بەرىكەتلىك بولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. بىز بۇ خىل ئادەتلەرنى پايدا-مەنپەئەت، ئابروي-ئىناۋەت ياكى ئادىيلا ئاكىسز قىلىقلار سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى شۇ خىل هادىسىلەرگە تېۋىنىش، چوقۇنۇش، ئۇلارنى ئۇلۇغلاش هېسابىدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئادەتلەر قاتارىدا ئۇچرىتىمىز.

4. كىيىنىش ئادەتلىرى

چاغانبۇتلۇقلار كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ رەڭ خىللىرىنى ئاساسەن ئۆزلىرى ياشاپ كەلگەن تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە، يەنى گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخ، قۇش-ھاشارات ۋە شۇ خىل نەرسىلەرنىڭ ھەرقايسى پەسىللەردىكى ئۆزگىرىش ھالەتلىرىگە ئوخشىتىپ تاللاشنى ئادەت قىلغان. ئۇلار قىزىل، سېرىق، ئاق رەڭلەرگە مەنسۇپ توقۇلمىلاردىن قىشلىق تاش كىيىملەرنى كىيمەيدۇ. بۇ تاغلىقلارنىڭ نەزىرىدە قىزىل رەڭ قاننىڭ، سېرىق رەڭ ئاپەتنىڭ، قارا رەڭ قاراڭغۇلۇقنىڭ، ئاق رەڭ ماتەمنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ. ئەر-ئاياللارنىڭ تاش كىيىملىرى دېگۈدەك گۈلسىز بولىدۇ. ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىملىرى گۈللۈك، ئەرلەرنىڭ ئىچ كىيىملىرى پۈتۈنلەي گۈلسىز، سىدام رەختلەردىن تىكىلىدۇ. ھەرقانداق كىيىم تىزدا ياكى تىزدىن ئاشقان بولىدۇ. 1960 - يىللاردىن ئىلگىرى تۈگمىلىك، يانچۇقلۇق، كالتە كىيىملەرنى كىيىش غەيرىي ئادەت ھېسابلىناتتى، شەپكە، شىلەپە قاتارلىقلارنى كىيىش ئادىتى يوق ئىدى. 1960 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە يوللار راۋانلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قاتناش قۇلايلىقراق جايلاردا ھازىرقى زامان كىيىملىرى ئاز-تولا تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئانچە كېڭىيەلمىدى. قىز-چوكانلار ئاق لېچەك، گۈللۈك ياغلىقلارنى ئىگەك ئاستىدىن چىگىدىغان، ياشقا چوڭراق ئاياللار ئاق لېچەكنىڭ ئۈستىدىن باستۇرۇپ تۇماق كىيىدىغان ئادەتلەر ھېلىمۇ بار.

1) باش كىيىملىرى

ئەرلەر قىشلىق ۋە يازلىق تېرە تۇماقلارنى، كىگىزدىن تىكىلگەن تەلپەكلەرنى، تۈلكە تېرىسىدىن تاشلانغان تۈلكە تۇماقلارنى كىيىشىدۇ. ئەرلەرنىڭ تۇمىقى بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار تۈلكە تۇماق، تۈلكە پاچىقىنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن تۈلكە مالىخاي (قۇلاقچا)، كۆرپە تۇماق، شىرمەس تۇماق ۋە ئۇزۇن يۇڭلۇق چوڭ قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن سالۋار تۇماقتىن ئىبارەت. سالۋار تۇماقتىن باشقا تۇماقلار قارا رەختتىن تاشلىنىدۇ. تۈلكە تۇماقتىن باشقا تۇماقلارنىڭ قاسقىنى تۆت ئىلىك ئىرەنلىكتە بولىدۇ. تۈلكە تۇماقنىڭ قاسقىنى تۇماق تۆپىسى بىلەن تەڭ بولۇپ، بەش ئىلىك ئېرەن بولىدۇ، بۇ خىل تۇماق ئىسسىق ۋە يېنىك بولىدۇ. ئەرلەر كىگىز تەلپەكلەرنى يازدىمۇ كىيىدۇ. ئاياللار كۆرپە ۋە تىيىن تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماقلارنى، مارى تۇماقنى كىيىدۇ (مارى تۇماق: ئۆلۈك تۇغۇلغان قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماق، بۇ خىل تېرىنىڭ يۇڭى قىسقا، بۇجغۇر كېلىدۇ، چاغانبۇتلۇقلار بۇ خىل تېرىنى دىمارى دەپ ئاتايدۇ). ئاياللارنىڭ كۆرپە تۇمىقى بىلەن قىزلارنىڭ تىيىن تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇمىقىنىڭ قاسقىنىمۇ ئېرەنىرەك بولۇپ، تۇماق تۆپىسى بىلەن تەڭ كېلىدۇ، بۇ تۇماقلار كۆركەم كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قىزلار يازدا كەشتىلىك دوپپا بىلەن دېدىم كىيىدۇ (دېدىم: نىكاھ كېچىسى يىگىت قىزغا كەيدۈرىدىغان تاجلىق دوپپا).

2) ئۈچا كىيىملىرى

بۇ يەردىكى كىشىلەردە قىشتا ئۈچ قات (كۆينەك، ئۇزۇن ئىچ كەمزۇل، تون)، يازدا ئىككى قات (يازلىق كۆينەك، يەكتەك) كىيىدىغان ئادەت بار. قىشتا تېرە شالۋۇر، پاختا ئورنىغا يۇڭ سېلىنغان شىم كىيىدۇ، پادىچىلار بىلەن ئوۋچىلار تىزلامچا كىيىدۇ. ئاياللارنىڭ ئۇزۇن چاپانلىرى ياقا، بەل ئالدى گىرۋەكلىرىگە رەڭلىك مەشۈت يىپلاردىن گۈل-گىياھ، تاغ ۋە ھاشارەتلەر كەشتىلەنگەن، كۆكرەك ۋە ئالدى تەرىپىگە كۈمۈش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





كىگىز تەلپەك

مارى تۇماق

مالخاي (قۇلاقچا)

تۈلكە تۇماق

كۆرپە تۇماق

شىرمەس تۇماق



جەيمەك

پۆپۈكلۈك كۆسەي

كىگىز پايپاق



كىپىنەك تون

تون

ئەرەنچە يەكتەك

ئايالچە نىمچا

تەڭگە ۋە مونچاقلار قادالغان، ئۆرە ياقىلىق، كەڭ ياقىلىق، قوش پەشلىك بولىدۇ. تالالىق ئۇزۇن كۆينەكلىرى ياقا ئالدى گىرۋەك، يەڭ ئۇچلىرىغا چىرايلىق گۈل كەشتىلەنگەن، بوغما ياقىلىق، كەڭ ئېتەكلىك، كەڭ بەللىك بولىدۇ. جۇۋا (تاشسىز ئۆڭ جۇۋا) ئاساسەن پادىچىلار ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ، چۈنكى ئۆڭ جۇۋا ئۇزۇن يۇڭلۇق چوڭ قوي تېرىسىدىن تىكىلىدىغان بولغاچقا، شۇرغان سوغۇقلاردىمۇ سوغۇق ئۆتمەيدۇ، ئۇزۇن يىل كىيگىلى بولىدۇ. تون پاقالان تېرىسىدىن تىكىلىپ چىرايلىق تاشلىنىدۇ، ئىت تېرىسىدىن تىكىلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ، ئەر-ئاياللارنىڭ پەرقلىق بولىدۇ، يازلىق ۋە قىشلىق دەپ ئايرىلىدۇ. باشقا يۇرتلاردىكىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل تون بار، ئۇ بولسىمۇ، كىپىنەك تون. ئۇ قوي، تۆگە يۇڭىدىن سىپتا ئېگىرىلگەن يىپتا توقۇلىدۇ، ئۇچىگە ئۆچكە تۈۋىتى ياكى تۆگە يۇڭى سېلىنىپ، چۆرىسى چىرايلىق تاۋار پۇرۇچىدىن پەۋازلىنىدۇ. ئۇ ئىسسىق، يەڭگىل ھەم ئىخچام بولغاچقا، تولاراق ئۇۋچىلار كىيىدۇ.


پىچىنەك


دېدەم


دوپپا


تىيىن تېرىسىدىن تىكىلگەن ئايالچە تۇماق

3) ئاياغ كىيىملىرى

كالا، قوتازلارنىڭ خام تېرىلىرىدىن يەرلىك ئۇسۇلدا تىكىلگەن چوڭ-كىچىك چورۇقلار، تومراق ئېگىرىلگەن يۇڭ يىپتا توقۇلغان جوراپ (پايپاق) ۋە كىگىز پايپاقلار بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئاساسلىق ئاياغ كىيىمىدۇر. بۇ خىل ئاياغ كىيىملەر بۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئائىلىلەردە ئېھتىياجلىق ئۆلچەم بىلەن كۆركەم، يۇمشاق، يەڭگىل،

قىشلىق تېرە شالۋۇر


تىزلامچا


كىگىز پايپاقنىڭ سىرتىدىن تارتىلغان چورۇق شەكلى


پۇختا، ئىسسىق قىلىپ تەييارلىنىدۇ. كىگىز پايپاقلارنىڭ قونجى تىزدىن ئېگىزرەك قىلىپ بېسىلىپ، بىر غېرىچ كەڭلىكتىكى قارا لاتا بىلەن پەۋازلىنىپ، ھەرخىل كەشتىلىنىدۇ.

ئاياللار، قىز-جۇۋانلارنىڭ كۆسەيلىرى يەرلىك ئۇسۇلدا پىششىقلانغان جىگەررەڭ خۇرۇم بىلەن چەمدىن تىكىلىدۇ. ئۇ قونجىلىق ۋە قونجىسىز بولىدۇ، تويلۇقىمۇ سېلىنىدۇ.

5. تۇرالغۇسى

چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئاھالىلەرنىڭ يازلىق ۋە كۈزلۈك تۇرمۇشى پۈتۈنلەي ئاق ئۆي (كىگىز ئۆي)دە ئۆتىدۇ. ئاق ئۆيلەر ھۆل-يېغىنغا چىدامىلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ جاھازلىرى تەمە، غاراچى، ئۇق، دەۋىر، تۇرغا، ئىشىك، قۇر، ئارغامچىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. چاغانبۇتلۇقلار ھەر پەسىلدە بىر قېتىم كۆچىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاق ئۆيگە كاڭ سېلىنىدۇ.

ئېرىنچىلىق ۋە باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر ساراي، مېھمانخانا ۋە قازناقتىن تەركىب تاپقان بىر يۈرۈش ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۆيلەرگە تۈڭلۈك قويۇلىدۇ. قورۇلىرى ئىچكەركى ۋە تاشقارقى قورۇلارغا ئايرىلىدۇ، ئىچكەركى قورۇغا بىرنەچچە تۈپ تاغ ئۆرۈكى ۋە ئالما قويۇلىدۇ. دەرۋازا كۈن چىقىش تەرەپكە قويۇلىدۇ. ئۆي، ئايۋانلارنىڭ ئىچ يۈزىگە نەقىشلىك تەكچە-ئويۇق چىقىرىلمايدۇ. مېھمانخانىدا يىراق-يېقىندىن كەلگەن 20 ~ 30 مېھمان بىمالال قونالايدۇ، توي-تۆكۈنلەردە 200 ~ 300 ئادەم قىستالماي ئۇزايدۇ. ساراي ۋە مېھمانخانىلارغا چىرايلىق مىخلانغان چوڭ-چوڭ كىيىم ساندۇقلىرى ئۈستىگە ئۆي بىساتلىرى، كىگىز، يوتقان-كۆرپە، جۇۋا، تەكىيلەر رەتلىك يىغىلىپ ئەديال بىلەن يېپىپ قويۇلغاندىن كېيىن، ئۈستىگە بىر قانچە ياستۇق تىزىپ قويۇلىدۇ، بۇ لىمتاق دېيىلىدۇ. لىمتاق ئاساسەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جايغا يىغىلىدۇ، لىمتاقتىن شۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى پەرەز قىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئاساسەن مۇقىملىشىپ كەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئاتىنىڭ ئاش-تاماق يەيدىغان ئاياغ ۋە قوشۇقى شۇ كىشىنىڭ ئاتىسىدىن قالغان خاس، مۇقىم ئاياغ، قوشۇقتىن ئىبارەت. پەرزەنتلەرنىڭ ئاياغ، قوشۇق، يوتقان-كۆرپە ۋە باشقا سايمانلىرىنىمۇ ئاتا-ئانا تەقسىم قىلىپ بەرگەن بولىدۇ.

6. يېمەك-ئىچمەكى

چاغانبۇتلۇقلاردا كۈنگە ناشتىلىق، ئاشۋاقتىلىق، چۈشلۈك، كەچقۇرۇنلۇق، كەچلىكتىن ئىبارەت بەش ۋاق تاماق يېيىش ئادىتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە چۈشتە ۋە كەچتە قازان قاينىتىلىدۇ، كەچلىك تاماق قۇۋۋەتلىكرەك بولىدۇ. چاينى قېنىق سۈتلەپ ئىچىش ئادىتى پۈتۈن رايون بويىچە ئومۇملاشقان، ئەگەر بۇ چاينى كۈنگە بىرەر ۋاق ئىچمىسە بېشى ئاغرىپ ساقسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇلاردا ئەسلىدە ئات، تۆگە، بېلىق گۆشلىرىنى، تۈرلۈك كۆكتات ۋە ئاچچىقسۇ، مۇچ، سامساق قاتارلىقلارنى يېيىش ئادىتى يوق ئىدى. تاماقلىرى ئاساسەن باشقا يۇرتلارنىڭكىگە ئوخشاش ئۇن، ياغ، گۆشتىن تەييارلىنىدۇ، سۇ يېغى ئورنىدا قويىنىڭ قۇيرۇق يېغى ئىشلىتىلىدۇ. ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە تاماقلىرىدىن پۈتەك (قوناق ئۇنى بىلەن گۆشتە

www.uyghurkitap.com

يۇغۇرۇپ ئېتىلگەن بىرخىل ئاش)، چىچىلماق (سۇ ئىشلىتىلمەي قۇيرۇق يېغىدىلا پىشۇرۇلىدىغان قويۇق ئۇن ئېشى)، سۇغات (قېتىق ئارىلاشتۇرۇلغان سۇيۇق ئاش)، كاۋابلىرىدىن تاش كاۋاپ بار (تاش كاۋاپ: تاشنى ئوتتا قىزدۇرۇپ، گۆشنى تاشقا چاپلاپ، ياۋا زىرە، ياۋا كۇدە ئۇرۇقى سېپىپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ). قېرىن كاۋاپ بۇ يەرنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمان ئالدىغا قويىدىغان مەززىلىك تائاملىرىنىڭ بىرى. ئۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: ئالتە ئايلىق بولغان پاقلاننىڭ گۆشى ئۆگە-ئۆگىسىدىن پارچىلىنىپ، تۇز، ياۋا زىرە، ياۋا كۇدە ئۇرۇقى سېپىپ ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، پاكىز تازىلانغان قېرىنغا قاچىلىنىپ قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ.

ئەزىز مېھمان كەلگەندە مال سويۇلىدۇ، گۆش ئۆگە-ئۆگىسىدىن پەم بىلەن پارچىلىنىپ قازانغا سېلىنىدۇ. مېھمانغا قاراپ تاۋاق تارتىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئەر مېھمانغا قوينىڭ بېشى بىلەن چوڭ ئىلىك، مۆچە (يانپاش) بېسىلغان تاۋاق تارتىلىدۇ. ئايال مېھمانغا بولسا، مۆچە ئۈستىگە بۇزۇلمىغان قوۋۇرغا بېسىلغان تاۋاق تارتىلىدۇ، بۇ ئاياللار ئادەم ئاتىنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ياسالغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن.

7. توي-تۆكۈن ئادەتلىرى

چاغانبۇتلۇقلاردا پۇل، مال-دۇنيا، مەنسەپ، ئابرۇي، ئىمتىياز، نەسەب ۋە باشقا باھانە-سەۋەبلەر تۈپەيلى كىچىكنى چوڭغا، چوڭنى كىچىككە، قېرىنى ياشقا، ياشنى قېرىغا، كېسەلنى ساققا نىكاھلاپ چېتىپ قويىدىغان ئادەت يوق. قىز كۆيگەن، يىگىت سۆيگەن ئىختىيارلىق ئۆلچەم قىلىنغان، ئىككى تەرەپ قۇدىلار رازىلىق بېرىشكەن، ئەلگە ياققان نىكاھ توي ھەقىقىي مەڭگۈلۈك توي ھېسابلىنىدۇ. قوش نىكاھلىق بولغان ياكى تولا خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇپ بېرىدىغان ئەرلەر بۇ رايوندا ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن، نەپرەت، مەسخىرىدىن خالىي بولالمايدىغان كىشىلەردۇر. بۇلار توغرىسىدا مۇنداق ماقال-تەمسىل بار:

بىر بىلەن ئۆتكەن شۇل ئەر ھالال ئەردۇر،
بىرنى تاشلاپ باشقىغا ئېسىلغىنى ۋەيرانە ئەردۇر.
ئىككىنى تاشلاپ ئۈچىنچىسىگە قول سوزغىنى ئەرۋاھ ئەردۇر،
ئۈچىنى تاشلاپ تۆرتكە قول سوزغىنى ئەر ئەمەس يەردۇر.

بىر ئەردە تۇرمايدىغان ياكى بىرقانچە ئەرگە ياتلىق بولغان كۆڭلى سۇيۇق ئاياللارغا قاتتىق نەپرەت ئوقۇلىدۇ

ئاجرىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن نارسىدىلەرنى ئۆگەيلەرگە قالدۇرىدىغان ياكى يېتىم باللارغا يامان كۆزدە قارايدىغان كىشىلەرمۇ ئەل نەزىرىدىن چۈشكەن، ۋاپاسىزلار ھېسابلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ.

يەڭگىدە قالغان يىغىدا قالغان،
ئۆگەيدە قالغان ئېغىلدا قالغان.
ئۆگەيىنىڭ ئېتى قۇرۇسۇن،
سۆكسۆكنىڭ كۆتى قۇرۇسۇن،
ماڭغان، ياتقان يېرى قۇرۇسۇن،
ئەۋلادىنىڭ ئۇلى قۇرۇسۇن.

دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر باللارنىڭ تەقدىرى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاساس قىلىدىغان باغرى تاش ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن كۈچلۈك نەپرەت، جامائەتكە جانلىق نەسىھەت بولسا، نارسىدە باللار ئۈچۈن سەممىي شاپائەت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەپ

www.uyghurkitap.com

كەلمەكتە.

چاغانبۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي ئادەتلىرى ئىسسىقلىق كۈنى، نىكاھ كۈنى، قۇرۇ كۈنى، چىللاشقا كۈنىدىن ئىبارەت تۆت باسقۇچ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

1) ئىسسىقلىق كۈنى

بۇ تويىنىڭ باشلىنىش كۈنى، بۇ كۈنى شۇ مەھەللىدىكى ئاياللار ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ تاماق ئېتىپ، توي قىلغۇچىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، يىراق-يېقىندىن كەلگەن مېھمانلارنى قولمۇقول ئۇزىتىشىپ بېرىدۇ. ئەرلەر ئەتىكى تويغا ئاتالغان قوي-كالىلارنى سويۇشقا ياردەملىشىدۇ. ئاياللار يەنە سويۇلغان ماللارنىڭ ئىچ-قارنىنى، كاللا-پاچاقلىرىنى ئادالاپ پىشۇرۇپ، تەبرىكلەپ كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ ۋە ئەتىنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈشىدۇ.

بۇ كۈنى يىگىت تەرەپتىن بىر قانچە ياشانغان ئەر-ئايال ۋە ئوغۇل-قىزدىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر ئىككى نەغمىكەشنىڭ ھەمراھلىقىدا داپ چېلىپ «يەللە» ئېيتىپ، قىز تەرەپكە كېلىدۇ. قىز تەرەپتىكى قىز-چوكانلار دەرھال دەرۋازىنى ئېتىۋېلىپ، يىگىت تەرەپتىن كەلگەنلەرنى ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. يىگىت تەرەپتىن كەلگەن ئوغۇل-قىزلار دەرۋازا ئالدىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بەرگەندىن كېيىن، پىشقان قوي تۆشىنى دەرۋازا يوچۇقىدىن كىرگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرۋازا ئۇلۇغ ئېچىلىپ، مېھمانلار ئۆيگە باشلىنىدۇ. توي شۇنىڭ بىلەن باشلانغان ھېسابلىنىدۇ.

2) نىكاھ كۈنى

بۇ كۈنى ئاش ۋاقتى مەزگىلىدە يىگىت تەرەپنىڭ ئىلتىماسى بىلەن مەھەللە ئىمام-مەزىنى باشلىق جامائەتلەر ئات-ئۇلاغلىرىنى مىنىشىپ قىزنىڭ ئۆيىگە قىز كۆچۈرۈشكە كېلىدۇ (چاغانبۇتلۇقلارنىڭ ئادىتىدە ئۆيلىنىدىغان يىگىت قىز كۆچۈرۈشكە بارمايدۇ، يىگىت ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان پىچىقىنى بىر دوستىدىن ئەۋەتىدۇ. نىكاھ رازىلىقىنى سورىغاندا يىگىتنىڭ دوستى يىگىتنىڭ پىچىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ يىگىتكە ۋاكالىتەن «قوبۇل قىلدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ). قىز تەرەپ يىگىت تەرەپنىڭ ۋە ئۆز مەھەللىسىنىڭ جامائەتلىرىنى داستىخانغا ئولتۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، نىكاھ ئوقۇشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشىدۇ. ئەر جامائەتتىن ئىككى كىشى قىز ۋە يىگىتنىڭ رازىلىقىنى سوراپ كېلىشكە ئەۋەتىلىدۇ (چۈنكى بۇ تاغلىقلارنىڭ ئادىتىدە نىكاھ سورۇنىغا قىز-يىگىتلەر كىرمەيدۇ). ئىككى ۋەكىل قىز ۋە يىگىت ۋەكىلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى سورىشىدۇ. يىگىتنىڭ پىچىقىنى ئېلىپ كەلگەن دوستى يىگىتنىڭ پىچىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يىگىتكە ۋاكالىتەن «قوبۇل قىلدىم»دەپ جاۋاب بېرىپ، پىچاقنى جامائەت ۋەكىلىگە تاپشۇرىدۇ. ۋەكىللەر يىگىت، قىزنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، جامائەت ئىچىدىن قىز ۋە يىگىتكە ۋاكالىتەن ئاتىلار بەلگىلىنىدۇ (ۋاكالىتەن ئاتا مۇشۇ بىر قېتىملىق نىكاھدىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ). يىگىتنىڭ ۋاكالىتەن ئاتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزنىڭ ۋاكالىتەن ئاتىسى بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، «سىز بىر قىز چوڭ قىلىپسىز، مەن بىر يىگىت چوڭ قىلدىم، شۇ ۋەجىدىن ئالدىڭىزغا كەلدىم» دەپ مەقسىتىنى ئېيتىدۇ. قىزنىڭ ۋاكالىتەن

ئاتىسمۇ يۇقىرى باھادا تويلۇق تەلەپ قىلىپ، تالاش - تارتىش قىلىدۇ. تالاش - تارتىش ئاخىرلىشىپ نىكاھ باشلانغاندا يىگىتنىڭ پىچىقى ئىمامنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ نىكاھ ئوقۇلىدۇ. نىكاھ ئاخىرلاشقاندا جامائەت يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى مۇبارەكلىشىدۇ.

ئەر جامائەتنىڭ ئىشى تۈگىگەندە ئايال جامائەت داستىخانغا ئولتۇرۇشۇپ تاماقلىنىدۇ، دۇئادىن كېيىن بوغجۇما ئېچىش باشلىنىدۇ. ئالدى بىلەن يىگىت تەرەپنىڭ بوغجۇمىسى ئېچىلىدۇ. قىز يەڭگىسى ھەربىر كىيىمنىڭ نامىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېلان قىلىدۇ. يىگىت تەرەپنىڭ بوغجۇمىسى ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىز تەرەپنىڭ بوغجۇمىسى ئېچىلىپ، كۈيئوغۇل ۋە قىزغا تەييارلانغان كىيىم - كېچەكلەر ئېلان قىلىنىدۇ. ئاندىن جامائەت كەڭ سەيناغا چىقىپ، ئەر - ئايال، ياش - قېرىلار بويىچە ئۆز جايىدا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئىككى - ئۈچ نەغمىكەش داپ چېلىپ ناخشا باشلايدۇ. سورۇنغا ئالدى بىلەن بوۋاي - مومايلار تەكلىپ قىلىنىپ توي مەشرىپى باشلىنىدۇ. ياشانغانلاردىن كېيىن، ئوتتۇرا ياشلىق ئەر - ئاياللار ۋە ئوغۇل - قىزلار بەس - بەستە بىر - بىرلىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىشىپ سورۇننى قىزىتىۋېتىدۇ.

بۇ چاغدا قىز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئولتۇرغان سورۇندا قىز يەڭگىسى قىزغا تويلۇق كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيدۈرىدۇ. رەسمىيەت يۈزىسىدىن قىز يىغلاپ كىيگىلى ئۇنىمايدۇ، ئىككى قىز نەسىھەتلەر ئارقىلىق كىيگۈزۈپ قويىدۇ. قىز يەڭگىسى كىيىم كىيگۈزگەچ قىزغا يېڭى ئائىلىگە بارغاندىن كېيىن جاندىل بىلەن قېيناتا، قېينانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، ئۆزىنى قانداق كۈتۈش توغرىسىدا ۋەز - نەسىھەت قىلىدۇ. ئاندىن قىزنى يەنە بىر قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا چوڭ ئاياللار سورۇنغا ئېلىپ كىرىپ ئولتۇرغۇزىدۇ. بۇ قىزنىڭ ئۆزى تۇغۇلغان ھەم چوڭ بولغان ئۆيى، ئاتا - ئانىسى ھەم قېرىنداشلىرى بىلەن خوشلىشىشى بولۇپ، ئاتا - ئانىسى قىزغا دۇئا بەرگەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاكىسى، ئاكىسى بولمىسا، بىر ئەر تۇغقىنى قىزنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ، قىز ئۈچۈن جابدۇلغان ئاتقا مىندۈرۈپ قويىدۇ. بۇ چاغدا يىگىت تەرەپ ئاياللار قىقاس سېلىپ، قىز بېشىدىن ئۇننى چاچقۇ قىلىپ چاچىدۇ (ئۇن ئاق بولغاچقا، قىزنىڭ ئاق يوللۇق بولۇشىنى تىلەپ ئاق ئۇننى چاچقۇ قىلغان بولسا كېرەك). قىز ئاتلىق كۆچۈرۈلىدۇ، بىر نەچچە نەغمىكەش داپ چېلىپ «يەللە» ناخشىسىنى ئېيتىپ ئالدىدا ماڭىدۇ، قالغان قېرى - ياش، ئەر - ئايال، ئوغۇل - قىزلار قىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، بىردەم - بىردەم «قىقاس» دەپ چۇقان سېلىشىپ ماڭىدۇ.

قىز كۆچۈرگۈچىلەر يېقىنلىشىپ كەلگەندە دەرۋازا ئالدىغا تەييارلاپ قويغان پاخالغا ئوت تۇتاشتۇرۇلىدۇ. قىز چوقۇم شۇ ئوتنىڭ ئۈستىدىن ئېتىنى سەكرىتىپ ئۆتۈشى لازىم، چۈنكى چاغانبۇتلۇقلارنىڭ نەزىرىدە، يولدا قىزغا چاپلىشىۋالغان بالا - قازا ئوتتىن ئۆتكەن چاغدا قىزنىڭ بويىدىن ساقىت بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. قىز ئۆيگە ئولتۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، مېھمانلارغا خولۇپئاش تارتىلىدۇ. قىزلار سورۇنغا خولۇپئاش تارتىلىشتىن بۇرۇن، يىگىتكە بىر چىنە ئاش قويۇلىدۇ، يىگىت ئاشنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ بولغاندا، يىگىت

www.uyghurkitap.com

يەڭگىسى ئاشنى لىقلاپ تويى بولغان قىزنىڭ ئالدىغا قويىدۇ، قىز ئۇنى ئىچىۋالىدۇ. بىر چىنە خولۇپىئاشنى تەڭ ئىچكەندە، خولۇپىئاشتەك مېھرى ئىسسىق، مۇلايىم بولىدۇ، ئېرىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

خولۇپىئاش ئىچىلىپ دۇئا يانغاندىن كېيىن، دەستار كىيگۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇراسىم مەيدانىغا بىر-ئىككى پالاز سېلىنىدۇ، يىگىت ۋە ئۇنىڭ قولداشلىرى ئولتۇرىدىغان جايغا ئاق كىگىز، كىگىز ئۈستىگە كۆرپە سېلىنىپ، كۆرپىدە «سۇلتان» (تويى بولغان يىگىتنى شۇنداق ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان)، ئىككى تەرىپىدە قولدىشى ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ چاغدا قىز يەڭگىسى قىز تەرەپتىن كۈيئوغۇلغا ئاتالغان بەلپوتا، بويۇنياغلىقلارنىڭ ئۈستىگە دەستار سېلىنغان تاۋاقنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ «سۇلتان»نىڭ يېنىغا كېلىپ، بەلپوتىسىنى «سۇلتان»نىڭ بېلىگە باغلايدۇ، بويۇنياغلىقنى ئۈچ بۇرجەكلەپ ئىككى ئۇچىدىن مۇستەھكەم قىلىپ چىگىدۇ، دەستارنى «سۇلتان»نىڭ بېشىغا كىيگۈزىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ قىز-چوكانلىرى «قىقاس» دەپ چۇقان سېلىپ، «سۇلتان»نىڭ بېشىدىن پۇلنى چاچقۇ قىلىپ چاچىدۇ. ئىككى قىز تويى بولغان قىزنى قولتۇقىدىن يۆلەپ «سۇلتان»نىڭ كەينىگە ئېلىپ كېلىدۇ. تويى بولغان قىز قائىدە بويىچە «سۇلتان»نىڭ بېشىدىكى دەستارنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، «سۇلتان»نىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ، يىگىت يەڭگىسىنىڭ قولىغا ھۆرمەت بىلەن تۇتقۇزىدۇ. ئاندىن «سۇلتان»نىڭ بويۇنياغلىقىنى يېشىشكە باشلايدۇ، بۇ چاغدا قىقاس-چۇقانلار ئەۋجىگە چىقىدۇ. يىگىتلەر بويۇنياغلىقنى تارتىپ تۈگۈچنى چىڭىتىۋەتكەچكە، قىزنىڭ ياغلىقنى يەشمىكى تەسكە توختايدۇ، زادى يېشەلمىگەندە



دەستار كىيگۈزۈش مۇراسىمى

يېڭىگە يوشۇرۇۋالغان كىچىك قايچىسى بىلەن قىيىۋېتىپ يىگىت يەڭگىسگە تاپشۇرىدۇ-دە، ناھايىتى تېزدىن يىراقلىشىدۇ. ئەگەر ياغلىقنىڭ قىيىلغانلىقى ۋاقتىدا سېزىلىپ قالسا، يىگىتلەر

قىز يەڭگىسىنى تۇتۇپ قېلىپ، قىز يەڭگىسىنىڭ ياغلىقىنى «قىيىت» قىلىدۇ.

كەچقۇرۇن مەشرەپ باشلىنىپ، ھەممە كىشى جەم بولىدۇ. دەسلەپتە بىرقانچە سائەت ئۇسسۇل ئوينالغاندىن كېيىن، مەشرەپ شەكلى مىلىسقا ئۆزگىرىپ سەھەردە بامدات نامىزى ۋاقتىدا تارقىلىدۇ، ئارقىدىنلا ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ قىيىت مەشرىپى باشلىنىدۇ. چوڭ مەشرەپ ئاخىرلىشىپ قىيىت مەشرىپى باشلىنىشتىن ئىلگىرى يىگىت بىلەن قىز ھۇجرىغا جەم قىلىنىدۇ. يىگىت قىزغا «دىدىم» دەيدىغان تاجىسمان باش كىيىمنى كىيگۈزۈپ قىزنى تەبرىكلەيدۇ.

قىيىت مەشرىپىدە «سۇلتان» ئىككى قولدىشىنى «ئوڭ قول ۋەزىر»، «سول قول ۋەزىر» قىلىپ بەلگىلەيدۇ. بۇ «ۋەزىر»لەر يەنە «قازى»، «پەششاپ»، «جاللات»، «ئىشكئاغا»لارنى بەلگىلەپ، بۇلارنىڭ ھەممىسگە ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ. «سۇلتان» ئوتتۇرىدا، «ۋەزىر»لەر «سۇلتان»نىڭ ئىككى يېنىدا، قالغانلارمۇ تېگىشلىك ئورنىدا ئولتۇرىدۇ. مەشرەپ ئەھلى ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. قىز تەرەپ دەل شۇ ۋاقىتتا ئۈلگۈرتۈپ ئۇششاق تۈگۈلگەن چۆچۈرە پىشۇرۇپ، قىز يەڭگىسى بىلەن كېلىپ، «ئىشكئاغا»غا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىدۇ، «ئىشكئاغا»لار «ۋەزىر»لەرگە مەلۇم قىلىدۇ. قىز ۋە يەڭگىنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلىنىش بىلەن «سۇلتان» باشلىق مەشرەپ ئەھلى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، «كىرسۇن» دەپ يارلىق بېرىلىدۇ. قىز يەڭگىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا «ساراي»غا كىرىپ، «سۇلتان»نىڭ ئاغزىغا چۆچۈرە سېلىپ قويىدۇ، «سۇلتان» ئۇنى يەۋالىدۇ.

قالغانلارنىڭ ئاغزىغا يەڭگە بىردىن چۆچۈرە سېلىشنى باشلايدۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ چۆچۈرىنى چايناپ يېيىشكە يول قويۇلمايدۇ، كىمكى پۈتۈن يۇتماي چايناپ قويسا دەرھال جازالىنىدۇ. بىرەيلەن چۆچۈرىنى پۈتۈن يۇتۇۋەتكەندىن كېيىنلا كېيىنكىلەرنىڭ ئاغزىغا چۆچۈرە سېلىنىدۇ.

مەشرەپ تەرتىپىنى بۇزغانلارنى پەششاپبەگ سوراق قىلىپ، گۇناھىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ قازى ئاخۇنىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا، جاللاتنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. جازالانغانلارنىڭ بۆكى ياكى ياغلىقى تارتىۋېلىنىپ، مەشرەپتىن ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ. ئۇلار ھەرخىل مېۋە سېتىۋېلىپ كېلىپ، «سۇلتان»دىن كەچۈرۈم سورايدۇ. «سۇلتان»نىڭ بۇيرۇقى بىلەن پەششاپبەگ ئۇلارنىڭ بۆكىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، سورۇنغا قوشۇلۇشقا ئىجازەت بېرىدۇ. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن مېۋىلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يېرىمى يىگىتلەرگە، يېرىمى قىزلارغا بېرىلىدۇ. گۇناھى يېنىكرەكلەرگە تەنبىھ جازاسى بېرىلىدۇ، ئۇلار مەشرەپ ئەھلىگە «سامسا يېقىش»، «سۇرەتكە تارتىش»، «ھاگىياڭ ـ ماگىياڭ، شېكەر بىلەن سامسا يەڭ» دېگەندەك ئويۇنلارنى ئويناپ، مەشرەپ سورۇنىنى قىزىتىۋېتىدۇ.

توي مەشرىپى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىناقلىقنى ۋە مېھماندوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلاردا مىللىي قائىدە ـ يوسۇننى، مىللىي ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3) قۇرۇ كۆنى

بۇ توينىڭ 3 ـ كۈنى بولۇپ، قىز تەرەپنىڭ مېھمانلىرى كۈتۈۋېلىنىدۇ، تۇغقانلار

بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشىدۇ. بۇ كۈنى كېلىنىنىڭ يۈزىنى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. كېلىنىنى يېڭى ئۆيىنىڭ قازان ـ قومۇچ ۋە ئوچاق بېشىنى ئۈچ قېتىمدىن ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستەڭ بويى ياكى بۇلاق بېشىغا چېلەك كۆتۈرۈپ بېرىپ سۇ كۆتۈرۈپ كېلىش قائىدىلىرى ئىشلىنىدۇ، قىز يەڭگىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ياشانغان ئاياللار سورۇن تۈزگەن ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. قىز يەڭگىسى: «قىز كىرىمەن دەيدۇ» دەپ ئۈنلۈك توۋلايدۇ. ئىچكىرىدىن: «كىرسۇن» دېگەن جاۋاب ئاڭلىنىدۇ. قىز يەڭگىسى: «كىرگىلى قورقىمەن دەيدۇ» دەيدۇ. ئىچكىرىدىن: «قورقماي كىرسۇن» دېگەن جاۋاب ئاڭلىنىدۇ. مۇشۇنداق تەكرار جاۋابلىشىشتىن كېيىن، قىز يەڭگىسى قىزنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئوڭ پۇتى بىلەن بوسۇغا ئاتلاپ «ئەسسالام» دەپ ئۆيگە كىرىدۇ. قىز يەڭگىسى ياكى يىگىتنىڭ يېقىن ئايال تۇغقىنى ئۇسسۇل ئويناپ، قىزنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ كېلىپ، قىزنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئېلىۋېتىدۇ.

بۇ مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن، داستىخان سېلىنىپ تاماق تارتىلىدۇ، دۇئادىن كېيىن، قۇدىلارنىڭ شەرىپىگە ئويۇشتۇرۇلغان مەشرەپ باشلىنىدۇ. داپ بىلەن ئورۇنلانغان تاغ ناخشىلىرى ياڭراپ تۇرغان بۇ مەشرەپتە يىگىت تەرەپ قىز تەرەپتىن كەلگەن قۇدىلارغا چوڭ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. يىگىت تەرەپ قۇدىلار ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ، قىز تەرەپ قۇدىلىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. قىز تەرەپ قۇدىلار ئۇسسۇلغا چۈشكەندە يىگىت تەرەپ ھۆرمەت يۈزىسىدىن قىممەت باھالىق رەختلەرنى ئۇلارنىڭ بوينىغا ئارتىپ قويۇشىدۇ. بۇ مەشرەپ چۈشكىچە داۋاملىشىپ، قىز تەرەپ قۇدىلارنىڭ قايتىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

4) چىللاشقا كۈنى

بۇ تويىنىڭ 4 ـ كۈنى بولۇپ، قىز تەرەپ توي مۇناسىۋىتى بىلەن يىگىت تەرەپ قۇدىلار بىلەن ئۆزئارا تۇغقان بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، يېقىن تۇغقانلىرى، كۆيئوغۇل ۋە ئۇنىڭ يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرى، ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىكى ئىمام، مەزىنلىرىنى ئۆيىگە چىللايدۇ. جامائەت قىز تەرەپنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، چوڭلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشۇپ بولغىچە يىگىت ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئىشىك ئالدىدا بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، يىگىت قولدىشى بولغان بىرى ئۈنلۈك قىلىپ: «كۆيئوغۇل سالامغا كەلدى» دەپ توۋلايدۇ. ئىچكىرىدىن: «كىرسۇن، سالىمىغا سالام قايتۇردۇق» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. يىگىت قولدىشى: «يىگىت سالامغا كەلدى، خىجىل بولىمەن دەيدۇ» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ. ھەر قېتىم تەكرارلىغاندا يىگىت بىر قېتىم «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلىپ تۇرىدۇ. 4 ـ قېتىمدا بوسۇغا ئاتلاپ ئۆيگە كىرىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بېرىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قول باغلاپ تۇرىدۇ. چوڭلار كۆيئوغۇلنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئالغاندىن كېيىن، كۆيئوغۇل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى مېھمان قىلىدۇ ۋە قىز تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن بىرمۇبىر تونۇشتۇرىدۇ.

چاقانبۇتلۇقلارنىڭ توي باشلىغاندا، قىز كۆرگەندە ھەتتا مەشرەپ ۋە مىلىستا ئېيتىپ كېلىۋاتقان خەلق ناخشىلىرىدىن «يەللە»:

ئىي ... ھەيۇ ... لىللا تەپسە ساندۇق ئاچىلۇر،
ئە ... ي ... لا گۈل باشىغا ساچىلۇر ھەي ... يۇلىللا.
شۇ مېنىڭ خەستە كۆڭلۈم يارنى سۆيسەم ئاچىلۇر،

www.uyghurkitap.com

ئىي ... ھەيۇ ... لىللا ... ھەي ... لا.

«يەلـــلە» ناخشـــسى ئاخىرلىشـــشىغا «سەشمەن» ناخشىسى باشلىنىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغانــدا، بــۇ ناخــشا يەتــتە خــىل ئاھاڭــدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بىردىنبىر تـاغ ناخشىسى ئىكەن. بۇ ناخشىنى مەشرەپ سورۇنىنىڭ باش تەرىپىدە ئـۆچ كـىشى ئـۆرە تـۇرۇپ داپ بـىلەن باشـــلايدۇ. تۆۋەندىكـــــسى «سەشـــمەن» ناخشـسىنىڭ بىرىنچـى ئاھاڭـدا ئېيتىلـىدىغان تېكىستى:

سەشمەن ئادا، ئادا بولدى، يار ئادا بولدى،
بىر كۆرمەك، بىر كۆرمەككە خار بولدى.
ئا... ي ... باشىم ئايلانىپ كەلدىمەي،
ۋاي ... ئىزدىمەڭلار، سورىماڭلار،
ۋاي ... ياردىن ئايرىلىپ كەلدىمەي.

چاغــانبۇتلۇقلار ئەزەلــدىنلا «سەشـــمەن» ناخشـسىنىڭ يەتتىنچـى ئاھاڭىنىـڭ ئـاخىرىنى نازىركۇم ناخشىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

يار قايرىلىپ، يار قايرىلىپ باقمايدۇ،
سۇ قايرىلىپ، سۇ قايرىلىپ ئاقمايدۇ.
يار قايرىلىپ باققاندا،
بىر خىيالىڭ ياقمايدۇ.
ئۆرگۈلدى جان، چۆرگۈلدى جان بىچارىخان،
بىر خىيالىڭ، بىر خىيالىڭ ياقمايدۇ.
ئا ... يەي نازىركۇم، ئالتە كەپتەر يەتتە بولدى،
يەتتە كەپتەر سەككىز بولدى، قوندى تېرەككە،
يوگۈرۈڭلار، يېتىشىڭلار يېشىل كۆڭلەككە،
يېشىل كۆڭلەك كىر بوپ قالسا يۇيسا بولمامدۇ،
يارنىڭ كۆڭلى ئېگىز بولسا ئەگسە بولمامدۇ.
ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدا قورغۇي ئىزى بار،
بىزنىڭ يارنىڭ يانچۇقىدا قۇرۇق ئۈزۈم بار.
قۇرۇق ئۈزۈم قۇرۇق ئۈزۈمدەك قۇرۇتتۇڭ مېنى،
زىنداندىكى گۇناھكاردەك ئۇنۇتتۇڭ مېنى.
زىنداندىكى گۇناھكارنىڭ گۇناھى باردۇر،
بىەندىن باشقا يارنى تۇتسام خۇدايىم باردۇر.

«سەشمەن» ناخشىسىنىڭ ئـاخىرقى قىسمى بولغان نـازىركۇم بارغـانچە تېزلىشىپ بىردىنلا «جاقىر ـ جۇمبۇرجاق» ئۇسسۇلىغا ئۆزگىرىدۇ. بـۇ ئۇســسۇلدا ئۇيغـۇر خەلقىنىـڭ قەدىمىـي ئوۋچىلىــق ھەرىكەتلىـــرى ئوبرازلىـــق ۋە قىزىقارلىق ئىپادىلەنگەن.

**8. ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرى**

چاغـانبۇت ئۇيغـۇرلىرى قەبرىـستانلىقنى بەيتلىــك دەپ ئاتايــدۇ. قەبرىـــستانلىقنى ئېگىزرەك تاغ باغرىدىكى پـاكىزە تۆپىلىكلەرگە ئورۇنلاشـــتۇرىدۇ. قەبرىـــستانلىقتا مـــال پـادىلىرىنى قويـۇپ بېـرىش، ئـوت قـالاش، قالايمىقـــان كىرىـــپ چىقىـــشنى گۇنـــاھ ھېسابلايدۇ، قىـز ـ ئاياللارنىـڭ تـۇپراق بېـشىدا ھازا ئېچىشى، يىغلىشىغا چەك قويىدۇ. غەيرىي دىنــدىكىلەرنىڭ قەبرىـــستانلىققا كىرىـــپ چىقىشىنى قاتتىق مەنئى قىلىدۇ. قەبرىستانلىق يېنىــدىن ئۆتكەنــدە ئۇلاغـدىن چۈشـۈپ دۇئـا قىلىــپ بولـۇپ، ئـۇلاغلىرىنى يېتىلەپ پىيادە ئۆتىــدۇ، ئۇلاغـدىن چۈشـۈپ دۇئـا قىلمـاي، ئەجـداد، ئـۇرۇغ ـ تۇغقـان، ھەتتـا قولـۇم ـ قوشـــنىلىرىنىڭ تـــۇپراق بېـــشىغا بارمـــاي، قەبرىلەر بىلەن كارى بولمايـدىغان قىلىقلارنـى يامـان كۆرىـدۇ. باشـقا يۇرتلاردىكىـدەك قەبـرە بېشىغا تۇغ ـ شادا قاداش ئادىتى يوق. مېيىتنى جەمەتــلەر بـويىچە بـــر دائىرىنـــى چۆرىـــدەپ يـېقىن قويىـدۇ، ھەر پەيـشەنبە كـۈنى بامـدات نامىزىدىن يېنىپ تۇپراق بېشىنى يوقلايدۇ.

ئـادەم قـازا قىلغانـدىن كېيىن، ئالـدى بىــلەن تــۆت ئىلىــك ئــاق رەختــتە مېيىتنىــڭ ئېڭىكـى چېتىلىــپ، قـول ـ پـۇتى تۈزلىنىــپ، پۇتىنىڭ باش بارمىقىـدىن ئـاق رەخـت بـىلەن چېتىــپ ياتقۇزۇلىــدۇ. ئەگەر قــازا قىلغـۇچى

www.uyghurkitap.com

ئۇزاق ۋاقىت كېسەل تارتىپ، چاچ ۋە تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولسا، مېيىتنى سۇغا ئالغۇچىلار ئالدى بىلەن مېيىتنىڭ چاچ، تىرناقلىرىنى پاكىزە ئېلىپ بولۇپ، ئاندىن سۇغا ئالىدۇ. ئەگەر ئايال ياكى قىز بولسا، زىننەت بۇيۇملىرى ئېلىۋېتىلىپ سۇغا ئېلىنىدۇ.

مېيىت ياتقان ئۆيدە كېچە ـ كۈندۈز چىراغ ئۆچۈرۈلمەيدۇ. قۇرئان مېيىت ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىكى تۈكلۈك بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۈنلۈك ئوقۇلىدۇ. بۇ چاغدا تۈكلۈك بېشىدا قۇرئان بىلەن يانداش قويۇلغان، ئۇستىگە مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن تاۋىقىغا چىگداپ قاچىلانغان ئۇننىڭ ئۈستىگە تەتۈر سانچىلغان بىر دانە ياغاچ قوشۇقنى كۆرۈمىز. بۇ مەرھۇمنىڭ بۇ ئالەمدىكى رىسقىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تاۋاقتىكى ئۇن مەرھۇمنىڭ غايىپ تونۇشلىرىغا، يەنى ھايات ۋاقتىدىكى دوستلىرىغا بېرىلگەن ئاق نەزىرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇن قاچىلانغان تاۋاق خالىي جايغا قويۇپ قويۇلىدۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شامالدا ئۇچۇپ تۈگەيدۇ. بۇنداق ئىشقا ئىشلىتىلگەن تاۋاق بىلەن قوشۇقنى ھېچكىم ئالمايدۇ ۋە ئىشلەتمەيدۇ. مېيىت ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە تاھارەت ئالغان موللىدىن باشقا كىشىنىڭ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئىلگىرى يىراق ـ يېقىندىكى قېرىنداشلىرىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ بولغىچە مېيىت 2~3 كۈن ساقلىنىپ قالىدىغان ئەھۋال بولۇپ قالاتتى، ھازىر ئۇنداق ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن مېيىتنىڭ يېنىدىن ئادەم ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

چاغانبۇت ئۇيغۇرلىرىدا ئاتا ـ ئانىغا كۆزى ئېقىپ كەتكۈچە يىغلىماق بار، باللارغا قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلىماسلىق لازىم دەپ قارىلىدۇ. باشقا يۇرتلاردىكىدەك قوشاق قوتۇپ ھازا ئېيتىش ئادىتى يوق. ئەرلەر مېيىت ياتقۇزۇلغان ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىدا ياش قۇرامىغا قاراپ بەللىرىگە ئاق باغلاپ، قوللىرىغا ئاق ياغلىق تۇتۇپ ھازا ئاچىدۇ. ئەر جامائەتلەر ھازىدارلارنىڭ ئالدىغا بىرىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، كۆڭۈل ئېيتىش ئۇسۇلى بىلەن يوقلايدۇ. ئاياللار ھازىدارنىڭ چوڭراق ئۆيدە تۆردىن ئورۇن ئېلىپ، ياش قۇرامى بويىچە ئولتۇرۇپ، بېشىغا ئاق لېچەك، بېلىگە ئاق باغلاپ، كۆڭۈل ئېيتىپ كەلگەن ئايال جامائەتلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ يىغلىشىپ كۆرۈشىدۇ.

مېيىت كېپەنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، جىنازىغا سېلىنىپ، جىنازا نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ. جامائەت مېيىتنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭغاندا، ئۆلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى تۇپراق بېشىغىچە ھازا ئېچىپ بارىدۇ. يەرلىك ئىچ يەرلىك، تاش يەرلىك بويىچە ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولىنىدۇ. يەرلىككە قويغۇچىلار مېيىتنى ئىچ يەرلىككە قويۇپ، يۈزىنى قىبلىگە توغرىلاپ، مېيىتنىڭ يۈز قىسمىنى ئېچىپ قويۇپ چىقىپ، ئىچ يەرلىكنىڭ ئاغزىنى كېسەك بىلەن ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، موللام تاش يەرلىككە چۈشىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلى، ئوغلى بولمىسا بىرەر يېقىنى تاش يەرلىككە يەتتە كەتمەن توپا تاشلىغاندىن كېيىن، موللام تاش يەرلىكتە ئولتۇرۇپ، ئىچ يەرلىكتىكى مېيىتكە «كەلىمە شاھادەت»نى ئۈچ قېتىم ئۆگىتىدۇ (يەتتە كەتمەن توپا تاشلانغاندىن كېيىن، جەسەتكە جان كىرىپ ئولتۇرىدۇ، شۇ چاغدا «كەلىمە شاھادەت»نى ئۆگىتىپ قويسا،

مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ سوئال - سوراقلىرىدىن ئۆتۈپ جەننەتكە كىرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ). «كەلىمە شاھادەت» ئوقۇلۇپ دۇئا يانغاندىن كېيىن، تاش يەرلىك يېرىم كۆمۈلۈپ، ئۈستى كىگىز - كېچەكلەر بىلەن يېپىلىپ، ئۈچ كۈن قۇرئان ئوقۇلىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، مەرھۇمنىڭ ھال - ئوقتى، ياش - قۇرامى، جىنسىي پەرقى بويىچە ئىسقات - سالات تارقىتىلىدۇ. بۇ قائىدە مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئۆتىتۈپ قالغان ۋە گۇمانىي قەرزلىرى ھېسابىدا بېرىلىدىغان رەخت، يىڭنە، پۇل - پۇچەك قاتارلىقلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ چوڭ - كىچىك قەرزلىرى تۈگىگەن بولىدۇ. بۇ خىل ئىسقات - سالات ئالغۇچىلار ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھىنى ئاللاھدىن تىلەپ ئىككى رەكەت نەپلى ناماز ئوقۇيدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى 40 كۈنگىچە باش ۋە بەللىرىدىكى قارىلىقنى ئالمايدۇ، ئەرلەر چاچ - ساقاللىرىنى چۈشۈرمەيدۇ، ئاياللار چېچىنى تارىمايدۇ، يۇيمايدۇ، توي - تاماشاغا بېرىشقا، ئەر - خوتۇنچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ھاياتلىقتىكى كىيگەن كىيىمى، ئىشلەتكەن سايمان - جابدۇقلىرى تەۋەررۈك قاتارىدا ساقلىنىدۇ.

ئۆلۈم بولغان ئۆيگە يېقىن ئەتراپتىكى قولۇم - قوشنا، ئۇرۇغ - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر ئۆزلىرى خالىغان تاماقلارنى ئېلىپ كىرىپ، ئۆلۈملۈك بولغانلار بىلەن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، پەۋقۇلئاددە چەت جايدا بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆلۈم بولغان ئۆيدە تاماقلىنىدۇ.

ئادەم قازا قىلغاندىن كېيىن، 3 - ، 5 - ، 7 - ، 40 - كۈنلىرى نەزىر بېرىلىدۇ. ئۈچ نەزىرى ئاددىيراق ئۆتكۈزۈلىدۇ، قالغان نەزىرلەر شۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىرقى نەزىرىدە مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ئۆلۈملۈك بولغانلارنىڭ ئالدىغا قارىلىق قويۇپ، باش ۋە بەللىرىدىكى ئاقلارنى ئېلىۋېتىدۇ، بۇ قارىسىنى ئوشتۇش دېيىلىدۇ. 10~11 ئاي بولغاندا يىل نەزىرى بېرىلىدۇ. نەزىرلەرگە ئاياللار داستىخانسىز كەلمەيدۇ. نەزىرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەربىرىگە بىر چىنە يارما، بىر پوشكال، بىر پارچە گۆش قويۇلىدۇ، يېپىلىپ بولمىغان تاماق نەزىر ئىگىسىگە قايتۇرۇلمايدۇ، زەللە قىلىنىپ ئۆيدىكىلەرگە ماڭدۇرۇلىدۇ (بۇ ئادەت ھازىر يوق). يۇقىرىقى نەزىرلەردىن باشقا يەنە خالىس نەزىر، چۈش نەزىر (كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانىسىنى چۈشىدە كۆرگەندىن كېيىن بېرىلىدىغان نەزىر) ، غايىپ نەزىرلەرمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. روزا ھېيت، قۇربان ھېيت، ھەتتا نورۇز بايراملىرىدىمۇ ئەسلەش نەزىرلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

چاغانبۆتلۈقلاردا ياشانغان كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتلىكىنى بۇرۇن تەييارلاپ قويۇش، يەنى كېپەنلىك ئەھۋالىغا قاراپ يەرلىكنى كولاپ قويۇش، كېپەنلىكنى تىكىپ قويۇش ئادىتى مۇقىملاشقان. ياشانغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، يېقىن دوست - بۇرادەرلىرىگە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى ھەدىيە قىلىدىغان، بالىلىرىغا ياكى قېرىنداشلىرىغا ھاۋالە قىلىپ، ۋەسىيەت قالدۇرىدىغان ئادەت بار.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىرىق قىزلىرىم مازىرى

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

(تۇمشۇق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن)

ھازىرقى تۇمشۇق شەھىرى 50-تۇەن مەيدان تەۋەسىدىكى شاقۇر دېگەن يەرنىڭ 18 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى توغراقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك تۆپىلىكتە بىر قەدىمىي قەبرىستانلىق بار، بۇ قەبرىستانلىقنى كىشىلەر ئۇلۇغلاپ «قىرىق قىزلىرىم مازىرى»، «قىزلىرىم مازىرى» دەپ ئاتىشىدۇ. يىللاردىن بۇيان كىشىلەر بۇ مازارنى ئۇلۇغلاپ، تۇغ-ئەلەملەرنى قاداپ، ھەر يىلى نەزىر-چىراغ قىلىشىپ تاۋاپ قىلىپ كەلمەكتە، لېكىن بۇ مازارنىڭ تارىخىي دەۋرى ۋە مازارغا دەپنە قىلىنغانلارنىڭ ئەينى زامانىدىكى قىسمەتلىرى ھەققىدە ئېنىق يازما ماتېرىيال بولمىغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇلۇغلاپ كېلىۋاتقان بۇ قەدىمىي مازارنىڭ ئۆتمۈشى بىر سىر بولۇپ كەلمەكتە. تۇمشۇق شەھىرى قۇرۇلغان بىرنەچچە يىل مابەينىدە، جايلاردىن كەلگەن تەتقىقاتچىلار، ئارخېئولوگلار مازارنىڭ سىرىنى ئېچىش مەقسىتىدە مازارنى تەكشۈرۈش، كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ كەلگەن رىۋايەتنى سېلىشتۇرۇش ۋە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغانلارنىڭ ھەقىقەتەن ئايال زاتى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا خېلى كۆپ ساندىكى ئاياللارنىڭ بۇ جايغا ئەسلىدىكى كىيىملىرى بىلەنلا دەپنە قىلىنغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە بۇ ھەقتە بەزى مەلۇماتلارنى بەردى، لېكىن مازارغا دەپنە قىلىنغانلارنىڭ تارىخىي دەۋرى ۋە قىسمەتلىرى توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات بېرەلمىدى، بۇلارنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە مەن يەرلىكتىكى بەزى پېشقەدەملەر مازار توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن رىۋايەتنى كۆپچىلىككە سۇندۇم.

قىرىق قىزلىرىم مازىرى ھەققىدە شاقۇردىكى پېشقەدەم كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەت ساقلىنىپ كەلمەكتە: شاقۇر دېگەن بۇ يۇرتتا تولىمۇ ئەركىن-ئازادە ياشايدىغان قەدىمىي بىر قەبىلە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن.



كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاياقتىندۇر بېسىپ كىرگەن ئىستىلاچى قوشۇن شاقۇردىكى ئەپچىل بىر جايغا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بۇ يۇرتنى تالان-تاراج قىلىپتۇ. بۇ خىل زورلۇققا چىدىمىغان دولان ياشلىرى زوراۋانلىققا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىرى جەڭدە يېڭىلىپ توغراقلىق ئىچىگە چېكىنىپتۇ. بۇلار چېكىنگەن جاي دەل هازىرقى قىرىق قىزلىرىم مازىرى ئەتراپى ئىكەن.

قوزغىلاڭچىلارنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان بۇ ئىستېلاچى قوشۇن توغراقلىققا يوشۇرۇنۇۋالغان دولان جەڭچىلەرگە كۆپ قېتىم هۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، هېچقانداق نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، شاقۇردىكى بىر تۇركۇم قېرى-ئاجىز، مېيىپ ۋە كىچىك بالىلارنى تۇتقۇن قىلىۋاپتۇ، شۇ ئارقىلىق توغراقلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان دولانلىق ياش ئەر-ئايال قوزغىلاڭچىلارنى تۇتۇشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى بۇ رەزىل مۇددىئاسى ئىشقا ئاشماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇتقۇنلارنى قوشۇننىڭ ئالدىغا سېلىپ، قوزغىلاڭچىلار يوشۇرۇنغان قويۇق توغراقلىققا قاراپ مېڭىپتۇ ۋە ئۇلار تەسلىم بولمىسا بىگۇناھ بالىلار بىلەن قېرىلارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ هاياتى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان دەقىقىدە، قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدىكى قىزلار هىيلە ئىشلىتىپ، دۈشمەنگە ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قۇتقۇزۇپ، دولان جەڭچىلىرىنىڭ يىراقلارغا چېكىنىشىگە شارائىت هازىرلاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇتقۇن قىلىنغانلار قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىللە تاجاۋۇزچىلاردىن يىراقلاپ، قويۇق توغراقلىق تامان كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. ئۆز قوۋمىنىڭ ۋەهشىي دۈشمەنلەردىن يىراقلاپ كۆزدىن غايىب بولغانلىقىنى كۆرگەن بۇ قورقۇمسىز، باتۇر قىزلار دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ ئۇلارنىڭ ئاياغ-ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈپ، قويۇنلىرىغا تىقىۋالغان خەنجەرلىرىنى ئېلىپ، هېچ ئىككىلەنمەستىن هەلقۇملىرىغا ئۇرۇپتۇ. شۇ دەقىقىلەردە ئارقا-ئارقىدىن يىقىلىۋاتقان بۇ ئوت يۈرەك قىزلارنىڭ هەسرەتلىك ياشلىرى مەڭزىلىرىگە سىرغىغان بولسا، تاتارغان چىرايلىرىدىن باتۇرلۇق چىقىپ تۇرغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل باتۇرانە هەرىكەتنى كۆرگەن ئىستېلاچى قوشۇننىڭ باشلىقى پۇت-قولىدا جان قالماي، سىرلىق بىر قورقۇنچ ئىچىدە غال-غال تىترەپ، قوزغىلاڭچىلارنى قوغلاشتىن ۋاز كېچىپ، قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇپتۇ. يۇرت تىنچىغاندىن كېيىن، بۇ قوۋمدىكىلەر بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا كېلىپ، باتۇر قىزلارنىڭ جەسەتلىرىنى شۇ جايغا دەپنە قىلىپ، بۇ جاينى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قەدىرلەپ ئۆتۈشكە ئان ئىچىشكەنىكەن.

( بۇ رىۋايەتنى شاقۇردا تۇرۇشلۇق پېشقەدەم مائارىپچى ئېلى نىياز بىلەن پېشقەدەم كادىر ئىمىن سالىھ ئېيتىپ بەرگەن، بۇلارنىڭ ئىككىلىسى هازىر 80 ياشتا).

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

# كەلپىندىكى بەزى يەر ناملىرىغا ئىزاھات

مامۇت قۇربان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە-خىمىيە سانائىتى ئىنستىتۇتىدىن)

كەلپىندىكى يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىش كەلپىن خەلقىنىڭ ئۆتمۈش مەنبەسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. كەلپىندىكى بەزى يەر ناملىرى قەدىمكى خوتەن-ساك تىلى(تۇخار تىلى)غا تەۋە، ئەمما بۇ ھەقتە يازما ماتېرىيال يوق دېيەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەر ناملىرىنى تەلەپپۇز قىلىشتا ئۆزگىرىش، ھەتتا بۇزۇلۇش بولدى، شۇڭا بىرمۇنچە يەر ناملىرىنى ئىزاھلاش قىيىن ۋە گۇڭگا بولماقتا. مەن بۇ ماقالىدە ئۆز ئىزدىنىشلىرىمگە ئاساسەن، بەزى يەر ناملىرىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمەن. مەن، بىرىنچىدىن، بۇ ساھەنىڭ تەتقىقات ئەھلى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن، كېرەكلىك قىممەتكە ئىگە ماتېرىيال كەم بولغانلىقتىن، بەرگەن ئىزاھلىرىم يۈزەلىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى، تەتقىقاتچىلارنىڭ قىممەتلىك پىكىر ۋە تولۇقلىما بېرىشىنى سورايمەن.

جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئاساسەن بېرىلگەن يەر ناملىرى

1. قاراكۆت: كەلپىن ناھىيىسى يۇرچى يېزىسىنىڭ قارىمىقىدىكى بىر مەمۇرىي كەنتنىڭ نامى، ئۇ ئىككى ئېقىن ئوتتۇرىسىدىكى سېرىق توپىلىق تۈزلەڭلىككە جايلاشقان.

كەلپىن ناھىيە تەۋەسى ئاقسۇ قۇمباش بەگلىكىگە قارىغان مەزگىللەردە، قاراكۆتكە سۇ باشلاپ دېھقانچىلىق قىلىش قىيىن بولغاچقا، ئاقسۇ ئايكۆلنىڭ پۇقرالىرىغا داۋاملىق ھاشار چۈشۈپ تۇرىدىكەن، ھاشارنىڭ يولى ئۇزۇن، نامى يامان، ئىشى مۈشكۈل بولغاچقا، بۇ ھاشار «قايغۇلۇق(سۇ قايىدىغان يەر)نىڭ ھاشىرى» دەپ ئاتالغانىكەن. كېيىنكى چاغلاردا ھاشارغا كەلگەن ئايكۆل پۇقرالىرى يۇرتىغا كېتەلمەي بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، شۇنداق قىلىپ بۇ ھاشار «قالغۇلۇق ھاشىرى» دەپ ئاتالغان. كېيىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۆز بارا-بارا «قېلىپ كۆت»، «قاراپ كۆت» دېگەنگە، ئاخىرىدا «قاراكۆت» دېگەنگە ئۆزگەرگەن. شۇنداق قىلىپ قاراكۆت بىر كەنتنىڭ نامى بولۇپ قالغان. 20-ئەسىرنىڭ



ئاخىرىدا 110 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن قاراكۆتلۈك مەھەممەت يۈزبېگى (مەممەت خۇكى) ئۆزلىرىنىڭ دەل قايغۇلۇق ھاشىرى ئۈچۈن ئايكۆلدىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى رىۋايەت قىلاتتى. قاراكۆتلۈك توختى ساماق ئاكا قاراكۆتتە ئەينى زاماندا «قايغۇلۇق ھاشىرى» دېيىلىدىغان بىر مۇشكۈل ھاشارنىڭ ئۆزۈن داۋاملاشقانلىقىنى بوۋىسى ئەيساھاجى رىۋايەت قىلىدىغانلىقىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى.

2. قارىغۇي: قاراكۆت كەنتى تەۋەسىدە قاراكۆت بىلەن تومائېرىق كەنتىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توغرايار ئېقىنلىقىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا «قارىغۇي» دېيىلىدىغان بىر قەدىمىي خارابە ئىزى بار. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم 555- بەتتە «قارغۇ» قاراۋۇل، تۇر دەپ ئىزاھلانغان بولسا، 3- توم 332- بەتتە «قارغۇي» تۇر، ئېگىز تۆپىلىك ئۈستىگە مۇنار شەكلىدە ياسالغان تۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت يېقىلىپ، دۈشمەنىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىلىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان. قارىغۇي ئاستىدا قارىغۇي جىلغىسى دېگەن كىچىككىنە بىر تېرىلغۇ مەيدانى بار. ئاپام ئايسخان (2008- يىلى 88 ياش)نىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئاپامنىڭ بوۋىسى قارىغۇي جىلغىسىدىن يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان. يار ئۈستىدە بىر قورغان بولغان، ئاپامنىڭ بوۋىسى ئۇ يەردىن مىس يارماق، ھېجىر سۇنۇقلىرى، ھەر خىل چىرايلىق مارجان تاشلىرىنى ئۇچراتقان. قاراكۆتلۈك يۇسۇپ باينىڭ 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ خارابە ئەتراپىدىن يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىۋېتىپ، ئالتۇن بۇقۇسا بىلەن ئالتۇن سۇرەم مودېلىنى تېپىۋېلىپ بېيىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا بىر رىۋايەت بار.

3. گەزلىك: كەلپىن ناھىيىسى گەزلىك كەنتىنىڭ نامى، كېيىن پۈتۈن گەزلىك يېزىسىنىڭ نامى قىلىنغان. «گەز» دېگەن سۆز «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 955- بەتتە مۇنداق ئىزاھلانغان: 1) سۆتكە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قازان تېگى ۋە گىرۋىكىگە يېپىشىپ قالغان قېسىرمىقى؛ 2) ئىسسىق تۇتۇپ قېلىش تۈپەيلىدىن ئادەمنىڭ لېۋىدە پەيدا بولىدىغان قاسراقسىمان قېتىشما؛ 3) «گەز» ئۇزۇنلۇقى 33 ~ 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ «قېرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مەسىلەن: «بىر قېرى ماتا» (بىر گەز ماتا) دېگەندەك. «گەز» دېگەننىڭ «شور» دېگەن مەنىسى بار، شۇڭا «گەز باغلاش» دېگەننى «شور باغلاش»مۇ دەيمىز. دېمەك، «گەزلىك» دېگەن سۆز «شورلۇق» دېگەن بولىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ «گەزلىك» «يۇلغۇنلۇق» دېگەن مەنىدە بولىدۇ، دېيىشىنىڭمۇ بەلگىلىك ئىلمىي ئاساسى بار، ئەلۋەتتە.

4. سايات قەدىمىي شەھىرى خارابىسى: باغلىق كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېقىنلىقىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا سايات دېگەن قەدىمىي شەھەر خارابىسى بار. سايات دېگەن سۆز «سايىدا يات» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن. بۇ خارابىدىن تېپىلغان مىس يارماق، ھېجىر سۇنۇقلىرى، كۆل ۋە داشقاللارنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى بۇ شەھەرنىڭ مىلادىيىنىڭ ئالدى- كەينىدە بەرپا قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىر بۇ قەدىمىي شەھەر ئورنىنىڭ بىر قىسمى باغلىق كەنتىنىڭ قەبرىستانلىقى قىلىندى. قەدىمىي شەھەر ئىزناسىنى ئاساسەن بايقىغىلى بولمايدۇ.

5. تومائېرىق: بۇ يۇرتچى يېزىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

تومئېرىق كەنتىنىڭ نامى بولۇپ، «تومائېرىق» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن. تومئېرىق كەنتىنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 2 ~ 3 كىلومېتىر كېلىدۇ.

6. ئەسكەنت قەدىمىي شەھىرى خارابىسى: ئەسكەنت «ئەسكى كەنت» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن، «تاشلىۋېتىلگەن كەنت»، «كونا كەنت»، «قەدىمىي مەھەللە» دېگەن مەنىدە. بۇ شەھەر خارابىسى قاراكۆت كەنتى بىلەن تومئېرىق كەنتىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توغرا يارنىڭ شەرقىي شىمالىي قىرغىقىدا، يەنى تومئېرىقنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كەلكۈننىڭ يارنى يالاپ كېتىشى ۋە كىشىلەرنىڭ دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردىن يەر ئېچىشى، بايلىق ئىزدىشى نەتىجىسىدە، شەھەر كۆلىمى كىچىكلەپ ۋە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، روشەن ئىزناسى قالمىغان.

7. گەمە: بۇ قاراكۆت كەنتىنىڭ ئۈستۈن بېشىغا جايلاشقان، غەربىي شىمال تەرەپكە سوزۇلغان ئۈستەڭبويى مەھەللىسىنىڭ نامى بولۇپ، «ئويمان مەھەللە» دېگەن مەنىدە. گەمە مەھەللىسىدە گەمە تۈگمىنى بولۇپ، تۈگمەن كولىسى ئەتراپىدىن قەدىمكى ھېجىر سۇنۇقلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

8. دۆڭئېرىم: بۇ يەر كەلپىن بازىرىنىڭ غەربىدىكى ئېقىنلىق(ئۆلۈغيار) بىلەن قىسماق سېپىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئېگىز تۆزلەڭلىكنىڭ باشلىنىش قىسمىدىكى بىر بۆلەك يەرنى كۆرسىتىدۇ. دۆڭئېرىم ئەسلىدە «دۆڭ ئېرىم»، «دۆڭلۈكتىكى ئېرىم» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن.

9. ئاچال: ئاچال يېزىسىنىڭ نامى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم 131-بەتتە «ئاچال» ئارىش، ئىككىگە ئايرىلغان يولنىڭ بېشى دەپ ئىزاھلانغان. ئاچال «ئاچا» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن، جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتە كەلپىن بازىرى بىلەن مارالبېشىغا ئايرىلىدىغان جايغا جايلاشقان بولغاچقا، «ئاچال» دەپ ئاتالغان.

10. لوپ: تومئېرىقنىڭ ئايغىدىكى قۇملۇققا تۇتىشىدىغان بىر كىچىك تۆزلەڭلىكنىڭ نامى، «سۇ يىغىلىپ قالغان يەر»، «جاڭگاللىق» دېگەن مەنىدە. بۇ يەرنىڭ غەربىي-جەنۇبىي تەرىپىدە جەنۇبقا سوزۇلغان ئېقىنلىق بولۇپ، ئاللىقاچان تېرىلغۇ مەيدانىغا ئۆزگەرگەن. بۇ تېرىلغۇ ياردىكلىق «يورچى يېرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

11. ساغان: بۇ يەر ساغان تېغى ئېتىكىدىكى كۆلىمى 5000 مودىن ئاشىدىغان چارۋىچىلىق نۇقتىسى — ساغان جىلغىسىنىڭ نامى. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 598-بەتتە «ساغان» قاپقان، يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ، كەلپىن ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى دەپ ئىزاھلانغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم 571-بەتتە «سارغان» شورتاڭ يەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت (قومۇچ)، بۇ خىل ئوت ئۆنگەن يەر «سارغان» دېيىلىدۇ. قومۇشلىرى قۇرۇپ كەتكەن يەرمۇ «سارغان» دېيىلىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان.

12. سومبۇلا: قىسلتاغ ئېغىزىدىن كىرىپ غەربىي جەنۇبىي بويلاپ تەخمىنەن 1.5 ~ 2 كىلومېتىر ماڭغاندا قارا تاشلىق تاغقا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن

400 ~ 500 مېتىر كېلىدىغان بۇ تاغ قاپتىلى «سۇمبۇلا» دەپ ئاتالغان. سۇمبۇلا ئەسلىدە «سۇنبۇل» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 645 - بەتتە سۇنبۇل: 1) بىر خىل خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكنىڭ نامى؛ 2) ئۆرۈمە چاچنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى تاشلار خۇددى ئۆرۈمە چاچقا ئوخشاش قارا رەڭلىك قىچىلما تاش بولغاچقا، «قارا تاشلىق» دېگەن مەنىدە سۇمبۇلا دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك.

13. ئىنگەن: چىلان يېزىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان تاغلىقتىكى بىر جاينىڭ نامى، بۇ جايدا ئۇن نەچچە ئائىلە دېھقانچىلىق قىلىدۇ. ئىنگەننىڭ ئىندىگەن، ئىنگەك دېگەن ۋارىيانتلىرى بار. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1362 - بەتتە «ئىنمەك» يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشمەك، دەپ ئىزاھلانغان. شۇڭا ئىنگەن دېگەن سۆز «چۈشكەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

14. كۆكۆل: كونا يول بىلەن توقاينى بويلاپ ئاچالغا ياكى ئاچالدىن كەلپىن بازىرىغا قاراپ ماڭغاندا، ئاچال كېچىكىنىڭ بېرىسىدىكى توقايلىقتىكى كۆكۆل دېيىلىدىغان يەردە بىر نەچچە تاتلىق سۇ چىقىدىغان بۇلاق بار. كۆكۆل «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «تاتلىق سۇ بۇلىقى» دەپ ئىزاھلانغان. ئاقسۇ قاراتال بىلەن بەش تۈگمەن ئارىسىدىمۇ «كۆكۆل» (تاتلىق سۇ بۇلىقى) دېيىلىدىغان يەر بار.

15. يۇرچى: يۇرچى يېزىسىنىڭ نامى، مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتابى(53- بەت)دا، «يۇرچى»نى تۇخارلار دەپ ئىزاھلىغان بولسا، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1413 - بەتتە يۇرچى «ياۋچىلار» دەپ ئىزاھلانغان. خەنزۇچىدىكى «大月氏» دېگەن ئۇلۇغ ياۋچىلار، يەنى ئۇلۇغ يۇرچىلەر دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

16. قىيامەت يېرى: بۇ يەر ھازىرقى ناھىيە بازىرىدا بولۇپ، ھازىرقى بانكا، نېفىت ئىدارىسى، خورما زاۋۇتى، پارتىيە مەكتىپى جايلاشقان يەر «قىيامەت يېرى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ ئەسلىدىكى تۈزلۈلۈشى يانتۇلۇق ئىدى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى بۇ تېرىلغۇ مەيدانى تامامەن ئۆلچەملەشتۈرۈلدى. بۇ يەرنى كىشىلەر «قىيامەتلىك يەر» (ئۆمۈرلۈك يەر، قۇتلۇق يەر) دەپ ئاتىغانلىقتىن، «قىيامەت يېرى» دەپ نام بېرىلگەن.

17. قەششەر: ئاراتايماق كەنتىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئېقىنلىقنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر خارابىلىكنىڭ نامى بولۇپ، «قاشتىكى شەھەر»، «لەپتىكى شەھەر» دېگەن مەنىدە.

18. كالۋاتاغ: كەلپىننىڭ غەربىي- جەنۇبىي تەرىپىدىكى گىياھ ئۆسمەيدىغان، ئۈستى شېغىللىق، تاقىر، كۆيۈك تاغ «كالۋاتاغ» دېيىلىدۇ، يەنە «ساراڭ تاغ»مۇ دېيىلىدۇ.

19. سېسىق: تۇغېبېشىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تۇمشۇقتاغنىڭ قاپتىلىدا 4 ~ 6 مو كۆلەمدە سازلىق بار، بۇ سازلىقنىڭ سۈيى ناھايىتى تۇزلۇق بولۇپ، يۇلغۇن كۆكلەپ، ياۋا ئۆردەكلەر تۇخۇم سېلىپ، چىرىندىلار سېسىق پۇراق چىقىرىپ تۇراتتى. شۇڭا

www.uyghurkitap.com

«سىپسىق» دەپ ئاتالغان. 1968 ـ يىللىرى تۇغ سېلىپ زەيلىك چېپىلىپ، سىپسىقنىڭ سۈيى تارتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى يۇلغۇنلار قۇرۇپ كەتتى.

20. توقاي: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 308 ـ بەتتە «توقاي» دېگەن سۆزنى مۇنداق ئىزاھلىغان، 1) قويۇق ئۆسكەن ئورمان ۋە چاتقاللىق؛ 2) يەر ئىسمىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن: ئاقسۇ قاراتال غالدىر ماتاننىڭ جەنۇبىدا توقاي دېيىلىدىغان يەر بار؛ 3) رەۋىش.

مەلۇم شەيئى نامىدا ئاتالغان يەر ناملىرى

1. باغلىق: كەلپىن بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېقىنلىق بويىغا جايلاشقان بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ كەنتتە ئەسلىدە باغ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن «باغلىق» دەپ ئاتالغان.

2. چىلان: ئاچال يېزىسىغا قاراشلىق قەدىمكى يېزا نامى. چىلاندا نامى تونۇلغان «چىلانتۇر» بار. چىلان دېگەن سۆز «تاجىك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 2 ـ توم 537 ـ بەتتە مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ: 1) چىلان دەرىخىنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپلا قالماي يەنە ئۇنىڭ مېۋىسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ؛ 2) «چىلان» دېگەن سۆز پارس تىلىدا تۆمۈردىن ياسالغان پىچاق، ئۇزەڭگە، ھالقا، تېمىنە يىڭنە، جۇۋالدۇرۇز، يوگەن شۇساك، قايچا، ئورغاق قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بىلدۈرىدۇ؛ 3) 6 ـ بۇرۇچنى بىلدۈرىدۇ؛ 4) قىزىل دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

چىلان توغرىسىدا كەلپىن خەلقى ئىچىدە مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ تارقالغان: چىلان يىپەك يولى بويىدىكى ئەڭ قەدىمىي ئۆتەڭ بولۇپ، بىر چىلان سودىگىرىنىڭ بىر تاغار چىلىنى چىلانتۇردا تۆكۈلۈپ كېتىپ، يامغۇردا قېلىپ چىلان دەرىخى ئۈنۈپ چىققانىكەن. شۇڭا «چىلان» دەپ ئاتالغان.

3. قاراتاش يېرى: كەلپىن ناھىيە بازىرىدىكى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن كۆلۈپ سېلىنغان، دوختۇرخانىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان يەر ئەسلىدە «قاراتاش يېرى» دېيىلەتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى بۇ يەردە ئۇيەر ـ بۇيەرگە دۆۋىلەپ قويۇلغان مۇشتەك چوڭلۇقتىكى قاراتاشلار بار ئىدى. ئاتام قۇربان ئەھمەتنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئەجدادلىرىمىز بۇ تاشلارنى موڭغۇللارغا قارشى ئۇرۇشتا ئۇلارغا رەگەتكە ئېتىش ئۈچۈن تەييارلىغانىكەن، شۇڭا بۇ يەر «قاراتاش يېرى» دەپ ئاتىلىپ قالغان. بۇ رىۋايەتنى ئاتامغا ئۇلۇغ بوۋىمىز سۆزلەپ بەرگەنىكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئەجدادلىرىمىز ئېگىز، قاتاڭغۇر ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ لەقىمى «قاتلاش» ئىكەن. شۇڭا بۇ يەر «قاراتاش يېرى» ئەمەس، «قاتلاش يېرى» دەپ ئاتالغان دېگەن گەپمۇ بار.

4. يىكچى يېرى: كەلپىن ناھىيىلىك پوچتىخانا بىلەن دوختۇرخانىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى كىچىك تېرىلغۇ مەيدانى «يىكچى يېرى» دەپ ئاتىلاتتى. «يىك» شىلۇدىن قىرىپ ياسىلىدىغان، چاقتا يىپ ئېگىرىشتە ئىشلىتىلىدىغان، بىر تەرىپى ئۇچلۇق، بىر تەرىپى توم، خانىلىق ياغاچ ئۇرچۇق. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەردە بىر يىك ساتقۇچى كىشى ئولتۇرغانىكەن، شۇڭا «يىكچى يېرى» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

5. كۆنچى مەھەللىسى: بۇ — قۇمئېرىق كەنتىدىكى كۆن - خۇرۇم ئىشلەشنى كەسىپ قىلغان كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنىڭ نامى.

6. مۇنچاقچى: كەلپىن ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى، ئاتاشورنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ نامى. بۇ يەر ئوجۇن - مۇنچاق (بىر خىل ئۆسۈملۈك) كۆپ چىققاچقا، «مونچاقچى» دەپ ئاتالغان.

7. بەلچىت: كەلپىنگە ئاقسۇدىن بىر بەگ تەيىنلىنىپ، ھازىرقى يۇقىرىس كەنتى ئەتراپىغا كېلىپلا شۇ يەردىن كېتىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر «بەگ چۈشتى» دەپ ئاتىلىپ قالغان، كېيىن بۇ سۆز ئاستا - ئاستا بۇزۇلۇپ، «بەلچىت» دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

8. قىسىل قالماق تېمى: قىسىلتاغنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىكى كىچىك دۆڭلۈككە جايلاشقان تامنىڭ نامى. تاغنىڭ سەل ئۈستىگە ئويۇلغان ئۆيلەرنىڭ شەكلى ۋە رەسىم نۇسخىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئۆيلەر ئەسلىدە موڭغۇللار بىنا قىلغان ئۆيلەر بولماستىن، بەلكى كۇچا مىڭئۆيلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىش تارىخى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ يەردە موڭغۇللار ئەسكەر توختىتىپ، قىسىل ئېغىزىنى كونترول قىلغان ھەمدە كېيىن بىر قىسىم موڭغۇللار ئولتۇراقلىشىپ قالغان، شۇڭا بۇ يەر «قالغۇچىلار تېمى» دېيىلىپ قالغان، كېيىن «قالماق تېمى» دېگەنگە ئۆزگەرگەن.

9. قاغىناق جىلغىسى: ئاچال تۇغبېشىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى (ئاچال ئۆستىڭىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى) قىيان كۆپ كېلىدىغان بىر جىلغىنىڭ نامى. بۇ جىلغىدا قاغىناق (غولى ساغۇچ رەڭلىك بىر خىل چاتقال، ئوت دەپتى كۆچلۈك) كۆپ ئۆسىدۇ، شۇڭا «قاغىناق جىلغىسى» دەپ ئاتالغان.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى.
2. نىياز كېرىمى: «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى.
3. «تاجىك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل - ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى تۈزگەن، (موسكۋا) 2 - توم.
4. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى.
5. مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
6. ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: سابىر ئەلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامى توغرىسىدا

ئىسرائىل مۇتىللا
(ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىدىن)

تەگىرتاغنىڭ غەربىي ئېتىكىدىكى تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى نۇرغۇن يەر ناملىرى ئۇيغۇر ۋە قىرغىز تىللىرىدا ئوخشاش ئاتىلىدۇ. بۇنداق يەر ناملىرى ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە بىر قەدەر گەۋدىلىك. ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەگىرتاغنىڭ غەربىدىكى قەشقەر بوستانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە بوستانلىقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كارۋان يوللىرى مەركەزلەشكەن جاي. بۇ جايدىكى ئۆتەڭ ۋە كارۋان يوللىرى بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار بۇ جايدىكى يەر ناملىرىنىڭ تىل تەۋەلىكى بىلەن كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى «ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامى بىر قاتار تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە يەر نامى بولۇپ، ھازىر «ئۇقسۇلۇ»، «ئوقسالۇر» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ يەر نامى ھازىر بىر يېزا ۋە كەنتنىڭ نامى، بۇ يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا «ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى»دە: « ‹ئوقسالۇر› قىرغىزچە ئاتالغۇ بولۇپ، ‹قورالغا ئوق سېلىش› دېگەن مەنىدە، ئىلگىرى قىرغىزلار موڭغۇللار بىلەن سوقۇشقاندا ئەسكەرلەرگە قورالغا ئوق سېلىش بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان» دەپ ئىزاھلانغان، ئەمما بۇ يەر نامىنىڭ زادى قايسى دەۋردە مەيدانغا كەلگەنلىكى تازا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. يۇقىرىقى بايانلاردىن قارىغاندا، قوماندانىنىڭ ئەسكەرلەرگە مىلتىققا ياكى زەمبىرەككە ئوق سېلىشقا بۇيرۇق قىلغاندەك مەنە بېرىدۇ. مۇشۇ قاراش بويىچە بولغاندا، بۇ يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى 200 يىلدىن ئاشمايدۇ، دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تەگىرتاغ ئەتراپىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ مىلتىق بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتى سەل كېيىنرەك.

ئەمەلىيەتتە «ئوقسالۇر» ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە يەر نامى بولۇپ، بۇ جاي قەشقەردىن پەرغانىگە تۇتىشىدىغان ئاساسلىق يولدىكى كاتتا ئۆتەڭ، خېلى بۇرۇنلا ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان جاي. بۇ جاي خەنزۇچە ۋە پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرايدۇ. چيەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 29-يىلى، يەنى 1762-يىلى يېزىلغان «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىگە ئىزاھ» (西或地理图说) (يەنبيەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1991-يىلى نەشرى) دېگەن ئەسەردە: « ... ئۇستۇن ئاتۇشتىن چىققان كارۋان يولى ئىككىنچى ئۆتەڭ قاراگىغۇ ئارقىلىق قۇشجوققا كېلىدۇ، قۇشجوقتىن تۆتىنچى ئۆتەڭ ئوقسالۇرغا تۇتىشىدۇ، ئوقسالۇر يولى تاشلىق ھەم تار، بۇ جايدا ئوت، سۇ

ناھايىتى مول؛ ياغاچ ئازراق، ئوقسالۇردىن چىققان يول بەشىنچى ئۆتەك ساراڭيازغا تۇتىشىدۇ ...» دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەردە ئوقسالۇر نامى خەنزۇچە «乌奇斯鲁尔» دەپ يېزىلىش بىلەن تەڭ يەنە خەنزۇچە خەتنىڭ ئاستىغا مانجۇچە «ukislur» دەپ ئەسلى يەر نامىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بېرىلگەن. دېمەك، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بۇ نام مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا چىڭ ئوردىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللىرىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئەمما يۇقىرىقى ئەسەر «ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامى خاتىرىلەنگەن ئەڭ بۇرۇنقى ئەسەر ئەمەس. يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشىغان تارىخچى شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدىي زەيلى» (يەنە بىر ئاتىلىشى «سەئىدىيە خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار») دېگەن ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەردە دېيىلىشىچە، 1594 ـ يىلى، يەنى ئابدۇكېرىم خاننىڭ ۋاپاتىدىن ئۈچ يىل كېيىن، ئابدۇللاخان (ئۆزبېك) يۈزمىڭ كىشىلىك لەشكەر تويلاپ، ئۆزبېك سۇلتان، غوجامقۇلى قوش بېگلەر بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان، قەشقەر ۋە يەكەنلەردە مۇھەممەتخان بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. يەكەن قوشۇنلىرى ئۆزبېك قوشۇنلىرىنى تاكى ئالاي چۆللۈكىچە قوغلاپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان. مەغلۇپ بولغان ئابدۇللاخان، ئۆزبېك سۇلتان، غوجام قۇلى قوش بېگلەر قېچىش داۋامىدا ئوقسالۇرغا كەلگەندە، ئۆزبېك كاتتىۋاشلىرى مۇنداق دېيىشكەن: «ئەگەر بۇ يەردە (ئوقسالۇردا) بىر ئوق ئۇچى مىقدارى تۇرۇپ قالساق، قانچىلىك ئادىمىمىز نابۇت بولۇر؟ ئۆزبېك قوشۇنلىرى (ئوقسالۇردا) ھەر پاي ئوقنى 40 مىڭ دەپ مۆلچەر قىلىشىدىكەن».

يۇقىرىقى بايانلاردىن يەكەن قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنىڭ تولىمۇ قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلىپلا قالماستىن يەنە ئوقسالۇرنىڭ تولىمۇ خەتەرلىك، يامان يەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. قىسقىغىنە توختىسا 40 مىڭ ئەسكەرنىڭ نابۇت بولۇش مۇمكىنچىلىكىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى بىلەن بۇ يەر نامىنىڭ بىۋاسىتە كېلىپ چىقىش مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى «ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامى ئۆزبېك قوشۇنلىرى بېسىپ كېلىشتىن ئاۋۋاللا مەۋجۇتتۇر. بۇ يەر نامى يۇقىرىقى ئەسەردە يەنە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ھەزرىتى ئەزىزان مۇھەممەت يەھيا قەشقەر تەرەپكە قايتىپ شارت داۋىنىدىن ئۆتكەندە شۇتۇر خەلپە بىلەن مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى، ھەزرىتى ئەزىزان ئۇرۇق سالۇرغا يېتىپ كەلگەندە قەشقەرنىڭ ئادەملىرى قارشى ئېلىشقا ئالدىغا چىقتى...». مەزكۇر ئەسەردە «ئوقسالۇر» يەنە «ئۇرۇق سالۇر» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

يۇقىرىقى بايااندا بۇ جاينىڭ «ئۇرۇق سالۇر» دەپ تىلغا ئېلىنىشى بۇ جايدا تېرىقچىلىق، ئېكىنزارلىق مەۋجۇت دېگەن ئۇقۇمنى، قەشقەر خەلقىنىڭ ھەزرىتى ئەزىزانىنىڭ ئالدىغا مۇشۇ يەرگىچە چىقىشىدىن بۇ جاينىڭ ئاۋات بىر ئۆتەك مەھەللە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى پەرەزلەرنىمۇ بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەمما «ئۇرۇق سالۇر»غا كەلگەندە قەشقەرلىكلەر ئالدىغا چىققان ھەزرىتى ئەزىزان مۇھەممەت يەھيانىڭ قەشقەرگە قايتا كەلگەن ۋاقتى 1619 ـ يىلى ئابدۇلەتىپخان تەختكە چىققان ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، بىر ئەسەردە بۇ نام ئىككى خىل ئاتىلىپ قالغان، بەلكىم ئەسەرنى كۆچۈرۈش ياكى ئىزاھلاش داۋامىدا خاتالىق كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاينىڭ يۇقىرىقى ئەسىردە «ئۇرۇق سالۇر» دەپ ئاتالغان ۋاقىتتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى چاغلاردىكى نامى ئوخشاشلا «ئوقسالۇر»، «ئوقسۇلۇ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتىدۇ. ئەمما «ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامىنىڭ مىلتىققا ئوق سېلىشتىن كېلىپ چىققانلىق مەسىلىسى گۇمانلىق بولۇپ، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە مىلتىق تېخى ئىشلىتىلمىگەن. ئەگەر ئوقياغا ئوق سالغان بولسا، بۇنىڭدىن «ئوقسالۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى چوڭ ئەمەس، چۈنكى «ئوقياغا ئوق سالدى» دېگەن سۆز مەنتىقىگە ھەم ئادەت سۆزىگىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇ «بەتلەش»، «ئوقلاش» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇنداقتا «ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىزاھلىغىلى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە يەنىلا بۇ قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ تارىختىكى ئۆتەڭلىك رولىنى چىقىش قىلىپ چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. قەدىمدە قەشقەردىن چىققان كارۋان يولى ئۇستۇن ئاتۇشقا كەلگەندە ئۈچ لىنىيىگە ئايرىلىپ، ئالاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا تۇتاشقان يوللاردىن تەركىب تاپقان. بۇ يوللار يازلىق، يىللىق، ھارۋىلىق، ئات-ئۇلاغلىق يوللارغا ئايرىلغان. بۇلار ئىچىدە قەشقەردىن ئوشقا بارىدىغان سودا يولى ئۇستۇن ئاتۇشتىن چىقىپ قاراڭغۇغا، قاراڭغۇدىن قۇشجوققا ۋە ئوقسالۇرغا، ئوقسالۇردىن ساراڭياز ئارقىلىق يىغىنغا، يىغىندىن قارابەل ئارقىلىق تېرەك داۋانغا تۇتىشىدۇ، بۇ يول قەدىمدە بىر قەدەر ئاۋات بولغان يېپەك يولىنىڭ بىر بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ. بەزى چاغلاردا يىل بويى قاتنىغىلى بولغان. قاتناش جەھەتتە تۆگە، قېچىرلاردىن باشقا، مەلۇم ئۆتەڭلەر ئارىلىقىدا ئاز ساندا ھارۋا قاتنىغان. يوللار ناچار بولغاچقا، مەلۇم ئۆتەڭلەردە ھارۋىلارنى رېمونت قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئوقسالۇردىن ئەركەشتامغىچە بولغان لىنىيە ئېقىن ۋە تاغ باغرىنى بويلاپ ماڭىدىغان يول بولغاچقا سەل جاپالىق. دېمەك، سودا كارۋانلىرى ۋە پەرغانە ئويمانلىقىدىن سەپەر قىلغۇچىلار ئوقسالۇرغا كەلگەندە ھارۋىلىرىنى رېمونت قىلغان ۋە بۇزۇلغان يەرلىرىنى يەڭگۈشلىگەن. تاغ يولىدا ئاساسلىقى ھارۋىلارنىڭ ياغاچ ئوقلىرى بۇزۇلىدىغان بولغاچقا، ئوقسالۇردىن باشلىنىدىغان جاپالىق تاغ يولىدا تەييارلىق قىلىپ ھارۋىلىرىنى پۇختىلىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆتەڭ كارۋانلارنىڭ ھارۋا رېمونت قىلىدىغان، جۈملىدىن، ھارۋا ئوقىنى پۇختىلايدىغان ياكى ئالماشتۇرۇپ سالىدىغان جايى بولۇپ قالغان. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئوقسالۇر تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان قىزىل دەرياسىنىڭ بويى كەڭرى كەتكەن ئورمانلىق بولۇپ، جىنغان، شىلۋى، يۇلغۇنلار بەك كۆپ. بۇ، قاقاس ھېسابلىنىدىغان ئۇلۇغچات تەۋەسىگە نىسبەتەن خېلىلا كەڭرى بىر جاڭگاللىق. بۇ جاي قەدىمدە قىشلىق ئىسسىنىش غېمىنى يىراق تاغ ئارىسىدىكى جاڭگاللىق ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئادەتلەنگەن قەشقەر خەلقىگە نىسبەتەن ئىسسىنىش مەنبەلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئوتۇنچىلار ھارۋىلىرىغا ئوتۇن بېسىشتىن ئاۋۋال مۇشۇ جايدا توختاپ، ھارۋىسىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن، شۇڭا «ئوقسالۇر» دېگەن يەر نامى ئاتىلىدىغان ئوق بىلەن ئەمەس بەلكى ھارۋا ئوقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھىمىت

# چامغۇر ھەققىدە رىۋايەت ۋە رېتسېپ

**تۇرسۇن قۇربان**

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاچال يېزىسى چامغۇر كۆپ چىقىدىغان جاي. ئاچال چامغۇرىنىڭ ئۇزۇقلۇق تەركىبى مول، ساقلىق ساقلاش، كېسەل داۋالاش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «ئاچال شادلىقى» ناملىق تاۋار ماركىسى بىلەن ئاپتونوم رايون ھەتتا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە شۆھرەت قازاندى، بۇنىڭ بىلەن كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئەسلىدىكى ئىككى گۆھىرى (ئۆرۈك، تۆگە يۇڭى) ئۈچكە كۆپەيدى. كەلپىندىكى «خاسىيەتلىك بۇلاق» كەسپىي ساقلىق ساقلاش چەكلىك شىركىتى كەلپىن چامغۇرىنى خام ئەشيا قىلىپ، «مەجۇنى چامغۇر»، «چامغۇر ئىچىملىكى» قاتارلىق تۆت خىل يۇرۇشلۇك ساغلاملىق مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. ھازىر بۇ يەرلىك مەھسۇلاتلار دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە ناھىيە ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشكە تۈرتكە بولماقتا.

كەلپىن ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق نامرات ناھىيىلەرنىڭ بىرى، ئاچال يېزىسى بۇ ناھىيىدىكى ئەڭ نامرات يېزىلارنىڭ بىرى. بۇ يەردىكى كىشىلەر نامرات بولغىنى بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سىرىنى چامغۇرنى كۆپ ئىستېمال قىلغانلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. جۇڭگو تىبابەتشۇناسلىق قامۇسىدا «چامغۇر زەھەرسىز يېمەكلىك؛ ئۇ ماغدۇرسىزلىق، يۆتەل، ئاشقازان سوۋۇشنى ياخشىلاش، قۇۋۋەت تولۇقلاش، ئىششىق ياندۇرۇش، رەئىس ئەزالارغا مەنپەئەت قىلىش، ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىشتىن ساقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە» دەپ خاتىرىلەنگەن، چامغۇردىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەت ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ساغلاملىق توغرىسىدىكى ئارزۇسىغا ماس كېلىدۇ.

ئاچال چامغۇرى توغرىسىدا كەلپىن ناھىيىسىدىكى خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت ۋە رېتسېپ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلمەكتە.

رىۋايەت: ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى تۆگە مىنىۋالغان بىر چارۋىچى يىگىت پادىلىرىنى ھەيدەپ بۇ جايغا كېلىپ سۇ بېشىدا تۇرۇپ ئارام ئاپتۇ. كۆن پاتقاندىن كېيىن تەڭداشسىز ماھارەت يېتىلدۈرگەن بىر گۈزەل قىز يىگىتنىڭ يېنىغا كەپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار توي قىلىپ كۆپ پەرزەنتلىك بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئوغۇللار ناھايىتى جەسۇر، قىزلار ناھايىتى چىرايلىق، ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر، ئەمگەكچان، ئەقىللىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. كۈتۈلمىگەندە، قاياقتىندۇر سىل، چاشقان يارىسى دېگەندەك كېسەللەر بۇ جايدىكى كىشىلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىپتۇ. كېسەللىك سەۋەبىدىن كىشىلەر قايغۇ-ھەسرەتكە چۆمۈپتۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ. ئېغىر كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان بۇ ئاقكۆڭۈل كىشىلەرگە خۇدانىڭ رەھمى كېلىپ بەدەننى كۈچلەندۈرۈپ، ساغلاملاشتۇرىدىغان، ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىدىغان خىسلەتلىك ئۆسۈملۈك— چامغۇرنى ئاتا قىلىپ كىشىلەرنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، كېسەللەردىن خالاس قىپتۇ...

رېتسېپ: كەچكۈزنىڭ ئالتۇن قۇياش نۇرى ئۈپۈق سىزىقىغا پاتقان، ئاي تولغان ئاخشىمى ياغاچ پىچاق بىلەن چامغۇرنىڭ يوپۇرمىقى چىققان جايدىن كېسىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ، ئىچىگە ئازراق ناۋات سېلىپ قويۇلسا، ئاي نۇرى جەۋھىرىنى قوبۇل قىلغان چامغۇردىن تەبىئىي ھالدا تاتلىق بىر خىل شەربەت ئاجرىلىپ چىقىدىكەن. بۇ شەربەت كېسەلنى داۋالاپ بەدەننى كۈچلەندۈرۈشنىڭ ياخشى دورىسى بولىدىكەن. ھەر كۈنى 9~27 تالغىچە مۇشۇنداق چامغۇر تەييارلاپ ئەتىگىنى قۇياش چىقىشتىن ئىلگىرى ياغاچ قوشۇق بىلەن ئۇنىڭ شەربىتىنى چۆچەككە قۇيۇپ، ئۇزۇن مۇددەت ئىستېمال قىلسا، ئۆپكىنى ياشارتىپ زەھەرنى قايتۇرۇش، جىگەرنى تازىلاپ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، مەنىنى كۆپەيتىپ بۆرەكنى كۈچەيتىش، سۆيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش، سۆڭەكنى چىڭىتىپ، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، خىلمۇ خىل كېسەللەرنى داۋالاش رولى بولىدىكەن.



# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى»دىن

(بىشى ئالدىنقى ساندا)

## غالدان

غالدان (1944 ~ 1697) ئويرات موڭغۇللىرى جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ سەردارى، باتۇر قۇنتەيجىنىڭ 6-ئوغلى. غالدان بالىلىق چاغلىرىدا رىخاساغا ئەۋەتىلگەن، ئۇ يەردە چىچىنى چۈشۈرۈپ راھىب بولغان. دالاي لاما-5 ئۇنىڭغا خۇتۇقتۇ دەپ نام بەرگەن. غالدان راھىبلىق يىللىرىدا بۇددا نوملىرىدىن ساۋاق ئېلىشقا كۆڭۈل بەرمەي، ياراغ مەشقىگە بېرىلىپ كەتتى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا شىزاڭنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكى مۇھىم ئەرباب دىباسانجىلجىسۇ بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ، شىزاڭ بىلەن جۇڭغار ئارىلىقىدا يۈرۈپ، يۇقىرى قاتلام سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلىپ تۇردى.

1653-يىلى باتۇر قونتەيجى ئالەمدىن ئۆتۈپ، 5-ئوغلى سىڭگى جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ سەردارى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى بىر-بىرىگە تىغ كۆتۈرۈپ ھاكىمىيەت تالاشتى. 1671-يىلى سىڭگى ئىچكى نىزادا ئاتا بىر ئانا بۆلەك ئاكىسى چۈرچىن تەيجى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. غالدان سىڭگىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، دالاي-5 بىلەن دىباسانجىلجىسۇنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىدا راھىبلىقتىن يېنىپ، ئانا بىر ئاكىسى سىڭگىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش نامى بىلەن كېچە-كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ جۇڭغار قەبىلىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ دالاينىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، سىڭگىنىڭ ئىلگىرىكى قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەچكە، سىياسىي رەقىبلىرىنى تېزلا مەغلۇپ قىلىپ، چۈرچىنى ئۆلتۈرۈپ، سىڭگىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى سۇنوم ئارابتانىنى جۇڭغارلارنىڭ سەردارى قىلىپ تىكلىدى. سۇنوم ئارابتان تېخى گۆدەك بولغاچقا، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى غالداننىڭ قولىغا ئۆتتى.

غالدان ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن قەبىلىنىڭ سىياسىي مەركىزىنى ئىلى دەريا ۋادىسىغا يۆتكىدى. ئۇ ئۆز يېقىنلىرىنىڭ «يېقىندىكىلەرگە تېگىش قىلىش ھىيلىسىنى ئىشلىتىش» تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئاۋۋال يېقىندىكىلەرنى، كېيىن يىراقتىكىلەرنى، ئاۋۋال ئاجىزلارنى، كېيىن كۈچلۈكلەرنى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت كېڭەيمىچىلىك فاڭجېنىنى قوللىنىپ، 1673-يىلى ئالدى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ غالىبىيىتىگە ھەمدەم بولغان تاغىسى چۇخۇر ئۇباشىقا تېگىش قىلدى، ئۇ بۇ جەڭدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئوشىرتۇسىبىشىن خاننىڭ ھوزۇرىغا پاناھلىنىشقا باردى. 1676-يىلى يەنە جەڭگە ئاتلىنىپ، چۇخۇر ئۇباشىنى تىرىك تۇتۇپ، ئوغلى باھا بەندىنى ئۆلتۈردى. كېيىنكى يىلى ئوشىر تۇسىبىشىن خانغا ھۇجۇم



قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئويرات قەبىلىسىنى قوشۇۋالدى. غالدان 1679 - يىلى ئۈچ تۈمەن كىشىلىك قوشۇن تارتىپ كېلىپ تۇرپان، قومۇلنى ئىشغال قىلدى. ئىككىنچى يىلى ئۇ 12 تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، يەكەننى ئىشغال قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى بويسۇندۇردى ۋە خوجا ھىدايىتۇللانى خان قىلىپ تىكلەپ، ئۇنى ئاپپاق خوجا دەپ ئاتىدى ھەمدە ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئىلىغا ئېلىپ بېرىپ نەزەربەنت قىلىپ قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا جۇڭغارلار 80 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كاڭشى سەلتەنىتىنىڭ 20 - يىلى غالدان يەنە قازاق قاتارلىق مىللەتلەرگە ھۇجۇم قىلدى. 1688 - يىلى غالدان سېڭگىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى سۇنۇم ئارابتاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى، يەنە سېڭگىنىڭ چوڭ ئوغلى سېۋېن ئارابتاننى قەستلەش پىلانىنى قۇردى، سېۋېن ئارابتان قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

غالدان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە يەنىلا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇپ، ھەر يىلى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان بېرىپ، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى مەلۇم قىلىپ تۇردى؛ غالدان ئوشىرتۇسېبىشىن خاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، چىڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئولجا يارىغلىرىنى تەقدىم قىلماقچى بولغاندا، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. كاڭشى 18 - يىلى (1679) غالدان ئۆزىنى بوشۇقتۇخان دەپ ئاتاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىدىن ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى ئۆزىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خان دەپ ئاتىۋالغان دېگەن سەۋەب بىلەن ئېتىراپ قىلمىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى 1682 - يىلى ئۈچ ۋاسساللىقنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى چىتاتنى غالداننىڭ ھوزۇرىغا يارلىق ۋە تارتۇق يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ئىككىنچى يىلى غالدان مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ چىتات ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئاستانىگە ئۇزىتىپ قويدى ۋە ئوردىغا 400 ئات، 60 تۆگە، 300 پارچە يىلپىز تېرىسى، 120 پارچە تۈلكە تېرىسى تارتۇق قىلدى.

سېڭگى ھاكىمىيەت بېشىدا ۋاقتىدا غالدان روسىيە بىلەن يېقىنلىشىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. غالدان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، چارروسىيە جۇڭغار قەبىلىسىگە ئارقا - ئارقىدىن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ تۇردى، غالدانمۇ موسكۋاغا كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. كاڭشى 26 - يىلى جۇڭگو - روسىيە نېۋچىنسكى چېگرا سۆھبىتىگە قاتناشقان روسىيە ۋەكىلى گالوۋىن خالخا موڭغۇل رايونىغا بېرىپ، يۈتۈپ كەتكەن ئاتلارنى ئىزدەش باھانىسى بىلەن خالخا موڭغۇللىرىغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلدى. كېيىنكى يىلىنىڭ بېشىدا خالخا موڭغۇللىرى گالوۋىن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى چۇقۇبوشىن قەلئەسىدە قامال قىلىۋالدى، غالدان ئۈچ تۈمەن كىشىلىك قوشۇن بىلەن خالخا موڭغۇللىرىغا بېسىپ بېرىپ، گالوۋىننى قۇتقۇزۇۋالدى. غالدان چارروسىيە ئارمىيىسى بىلەن بايقال كۆلىنىڭ شەرقىدە ئۆز ئارا ماسلىشىپ، خالخا موڭغۇللىرىغا ئامبۇرسىمان قىسىپ زەربە بېرىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى روسىيىگە تېررىتورىيە جەھەتتە چوڭ يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. غالداننىڭ قوشۇنى قاڭاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، خالخا موڭغۇل قەبىلىلىرىنى مىسلىسىز ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى، خالخا موڭغۇللىرى ئىچكىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. غالدان 1690 - يىلى يازدا ئۇلان رايونىنى پاراكەندە قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دىۋان بېگى ئارنىنى قوشۇن باشلاپ بېرىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئەۋەتتى. غالدان قوشۇنى ئوت

www.uyghurkitap.com

قوراللارنىڭ ماسلىشىشىدا، تاغدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ چىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلدى. ئارقىدىن ئۇجۇمچىن رايونىغا بېسىپ كىردى. بۇ يەردە ئىككى قوشۇن قاتتىق تۇتۇشتى، چىڭ قوشۇنى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى، غالداننىڭ قوشۇنى بېيجىڭغا ئاران 700 چاقىرىملا كېلىدىغان ئۇلانبۇتۇن (بۇگۇنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېشىگتېن خوشۇنى)غا بېسىپ كىردى. چىڭ قوشۇنىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئاستانىنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى، كاڭشى خان ئۆزى بىۋاسىتە قوشۇن تارتىپ چىقىش قارارىغا كەلدى. 7-ئايدا كاڭشى خان بولغوتۇن (بۇگۇنكى خېبېي ئۆلكىسى چېڭدې ۋىلايىتىنىڭ لۇڭخۇا ناھىيىسى)دا قوماندانلىق بارگاھى قۇردى. 8-ئاينىڭ 1-كۇنى چىڭ قوشۇنى پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلانبۇتۇندا غالدان قوشۇنى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى.

غالدان ئەسلىدە سانى كۆپ ۋە جەڭگىۋار قوشۇنىغا تايىنىپ، دەريا-ئېقىنلىق تاغ-ئېدىرلارنى قالقان قىلىپ، جاھانغا پاتماي قالغانىدى. بۇ قېتىم ئۇ تۆگىلەرنى بىر-بىرىگە قاتارى چېتىپ، چۆكتۈرۈپ، دۈمبىسىگە ساندۇق تىزىپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى كىگىزلەر بىلەن يېپىپ، سۇ چېچىپ مۇداپىئە ئەسلىھەسى ھازىرلىدى. ئىككى قوشۇننى دەريا ئايرىپ تۇراتتى، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا خىرىس قىلىپ تۇرغان چىڭ قوشۇنى باشتا غالدان قوشۇنىنى يەرلىك زەمبىرەك ۋە ئوت مىلتىقلار بىلەن توپقا تۇتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قوشۇن روبىرو ئېلىشتى، جەڭ گۇگۇم ۋاقتىغىچە داۋام قىلدى، غالدان قوشۇنى پاجىئەلىك تالاپەتكە ئۇچرىدى، غالدان قېپقالغان مىڭچە ئادىمى بىلەن قوبدۇغا قېچىپ كېلىۋالدى. خالخا موڭغۇللىرى رايونى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

ئۇلانبۇتۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، غالدان قوبدۇدا قالدۇق كۈچىنى يىغىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، پۇرسەت كەلگەندە قايتا كۆتۈرۈلۈش قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چارروسىيىدىن ھەربىي ياردەم سوراپ كەينى-كەينىدىن ئادەم ئەۋەتتى. كاڭشى 34-يىلى (1695-يىلى) غالدان ئىككى تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر بىلەن خالخاغا يەنە ھۇجۇم قىلدى.

1696-يىلى 2-ئايدا كاڭشى خان ئون تۈمەن كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ، ئۈچ يولغا بۆلۈپ، غالدانغا زەربە بېرىشكە ئاتلاندۇردى. شەرقىي يول قوشۇنى ھىنگان تېغىدىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدى، غەربىي يول قوشۇنى نىڭشيا ئارقىلىق قۇملۇقتىن ئۆتۈپ شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى، كاڭشى خان ئوتتۇرا يولدىكى ئاساسىي كۈچنى باشلاپ دۇشكۇدىن چىقىپ، توپتوغرا قۇرۇلۇن دەريا ۋادىسىغا يېتىپ بېرىپ، شەرقىي ۋە غەربىي يول قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە قىسىپ زەربە بېرىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. 5-ئاينىڭ 13-كۈنى غەربىي يول قوشۇنى چاۋمودو (بۇگۇنكى موڭغۇلىيە ئۇلانباتۇر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى زونمود)دا غالدان قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلدى، غالداننىڭ ئاساسىي كۈچى ھالاك بولدى، قالدۇق كۈچى غەربكە قاچتى. بۇ چاغدا ئىلى سېۋەن ئارابتاننىڭ ئىشغالىيىتىدە ئىدى. ئۇ غالداننىڭ قالدۇق قوشۇنىنى قوبۇل قىلمىدى، چارروسىيمۇ غالداننىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى رەت قىلدى. غالداننىڭ قالدۇق قوشۇنى ئىلاجسىز قالغان ئەھۋالدا، شىزاڭدىكى دالاي لاما بىلەن دىپلوماتىيىسۇنىڭ قوينىغا كىرمەكچى بولدى، بىراق چىڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ باندىت غالداننى ئارىغا ئېلىشقا رۇخسەت قىلمىدى. كاڭشى خان غالدانغا يەتتە كۈن ئىچىدە تەسلىم بولۇش توغرىسىدا يارلىق چىقاردى.

1697-يىلى 2-ئايدا بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئۆتۈپ كەتسىمۇ، غالدان تەسلىم بولمىدى. كاڭشى

خان ئۆزى نىڭشياغا بېرىپ، چىڭ قوشۇنىنىڭ غالدانىنى قوغلاپ يوقىتىشىغا نازارەتچىلىك قىلدى. كاڭشى 36 - يىلى (1697 - يىلى) غالدان ئېغىر كېسەل بولۇپ ئاچائاموتادا ئۆلدى، ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇنىڭ جەستىنى ئېلىپ چىڭ قوشۇنىغا تەسلىم بولدى.

## رەھمىتۇللا

رەھمىتۇللا (؟ ~ 1765) شىنجاڭنىڭ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىن. ئۇيغۇر، كىچىك بەگ بولغان، ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار يەرلىك بەگلەر بىلەن ئەيش - ئىشرەت سۈرۈپ، كۈنسايىن چىرىكلىشىپ، سىنىپىي زىددىيەتنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇچتۇرپاننىڭ خان ئامبىلى سۇ چېڭ ھاكىمبەگ ئابدۇللا بىلەن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، باج - سېلىقلارنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ يىلىكىنى بولۇشىغا شورىدى، قول ئاستىدىكىلىرى تېخىمۇ ياۋۇزلىشىپ، پۇقرالارنى قاتتىق بوزەك قىلدى. سۇ چېڭ ئاچكۆزلۈك ۋە شەھۋانىيلىقتا ئۇچىغا چىقىپ، ئۇچتۇرپان دېھقانلىرىنى زار قاخشىتىپ، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى.

چيەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 30 - يىلى (1765 - يىلى) سۇ چېڭ، ئابدۇللا ئىككەيلەن 240 ئۇيغۇر دېھقانىنى جىگدە كۆچىتى توشۇش ھاشىرىغا زورلاپ، كىچىك بەگ رەھمىتۇللانى ھاشاچىلارنى يالاپ مېڭىشقا مەسئۇل قىلىپ، 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يولغا چىقىشنى بەلگىلىدى. سۇ چېڭ رەھمىتۇللانىڭ خوتۇنىنى بىرەر باھانە بىلەن يامۇل مەھكىمىسىگە چاقىرتىپ بىر كېچە قوندۇرۇپ قالغانىدى، سۇ چېڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئۆرلەپ تۇرغان رەھمىتۇللا ئامىنىڭ غەزەپ - نەپرىتى تېشىپ تۇرغان ۋەزىيەتنى پەملەپ، 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ھاشارچىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۇ ئاخشىمى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى. ئىش مەخپىي تۇتۇلمىغاچقا، ئابدۇللانىڭ يېقىنلىرى تۇيۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا دەرھال مەلۇم قىلدى. شاراپ ئىچىپ چالا مەس ئولتۇرغان ئابدۇللا بۇنى ئىغۋا دەپ بىلىپ، پەرۋايىغا ئالمىدى. شۇ كېچىسى 3 - جىسەكتە رەھمىتۇللا ئامىنى باشلاپ ئاۋۋال ئۇچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق چىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر قىسىم چىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈردى. سۇ چېڭ بىلەن ئابدۇللا قوزغىلاڭدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال تاغ بېشىغا چىقىپ مۇداپىئەلىنىپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە جەڭگە تەييارلاندى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، سۇ چېڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، ئابدۇللا ئەسىرگە چۈشتى (كېيىن ئۆلتۈرۈلدى). قوزغىلاڭچىلار شەھەر مەركىزىگە بېسىپ كىرىپ، سۇ چېڭ بىلەن ئابدۇللانىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، تېزلا پۈتۈن شەھەرنى ئىشغال قىلدى.

قوزغىلاڭ خەۋىرى جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىنى زىلزىلىگە سالدى. ئاقسۇ خان ئامبىلى بيەن تاخەي ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن 500 چىڭ ئەسكىرىنى باشلاپ ئۇچتۇرپانغا يول ئالدى ھەمدە قەشقەر، يەكەن، كۈچا قاتارلىق جايلارغا خەۋەر بېرىپ، ماسلىششىنى تەلەپ قىلدى. رەھمىتۇللا ۋە قوزغىلاڭچى دېھقانلار سۇ چېڭ بىلەن ئابدۇللانىڭ ياۋۇز ھۆكۈمرانلىقىغا چىدىماي قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى. كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە قاراتمىغانىدى. شۇڭا بيەن تاخەي ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كەلگەندە، رەھمىتۇللا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شەھەر قوۋۇقىنى ئاچتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. بيەن تاخەي ئەكسىچە شەھەرنى توپقا تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قوزغىلاڭچىلارنى شەھەر قوۋۇقىنى تاقاپ

قوغدىنىشقا مەجبۇر قىلدى. بىيەن تاخەي شەھەرنى توپقا تۇتۇپ خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئادىمى 400 دىن كۆپىيىپ 2600 دىن ئاشتى. قوزغىلاڭچىلار 19-كۈنى شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلىپ، شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، چىڭ قوشۇنىنى پاجىئەلىك مەغلۇپ قىلدى، چىڭ قوشۇنىدىن يۈزنەچچە ئادەم تالاپەتكە ئۇچرىدى، چىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ ياردەم كۈتۈپ تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن كۇچا خان ئامبىلى ئې باۋ قوشۇن باشلاپ ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كەلدى، ئۇمۇ بىر جەڭدىلا تارمار بولۇپ ئاقسۇغا قېچىپ كەلدى. جەنۇبىي شىنجاڭنى باشقۇرۇۋاتقان قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى نا شىتۇڭ كەبىسە 2-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كېلىپ، ئىلىنىڭ مۇئاۋىن باش بۇغى گۇەن يىنباۋ بىلەن بىرلىشىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى، گۇەن يىنباۋ يارىلىنىپ، بىر زەمبىرەكتىن ئايرىلدى. نا شىتۇڭ تۆھپە تالىشىپ، ئىلى جاڭجۈنى مىڭ رۈينىڭ كېلىشىنى خالىماي، قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىر نەچچە قېتىم جەڭ قىلىپ، ئۈستى-ئۈستىگە مەغلۇپ بولدى.

ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەرلەر قىل ئۈستىگە كېلىپ قالدى. چيەنلۇڭ خان ئەھۋالنىڭ يامانلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، مىڭ رۈينى دەرھال ئۇچتۇرپانغا يېتىپ بېرىپ، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى سەركەردە-لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىشقا بۇيرۇدى ھەمدە ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇش قىلىش قائىدىسى، قوشۇن يۆتكەش ۋە لەشكىرىي تەمىنات جەھەتتىكى ئىشلارنى ئۆزى بىۋاستە سۇرۇشتە قىلىپ تۇردى.

رەھمىتۇللا چىڭ قوشۇنىغا ئۇزاققىچە زەربە بېرىش ئۈچۈن، قوزغىلاڭچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، جەڭ ئارىسىدىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، پائال ئوزۇق-تۈلۈك ۋە يەم-خەشەك توپلىدى. ئۇلار قوراللىق مۇھاپىزەت ئاستىدا، بىر تەرەپتىن شەھەر ئەتراپىدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قىلسا، بىر تەرەپتىن ئوت-چۆپ ئورۇپ، ياغاچ كېسىپ، شاخ-شۇمبا يىغىپ چارۋا باقتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈگمەن قۇرۇپ ئۇن تارتىپ، ئوزۇق-تۈلۈك، ئوتۇن-ياغاچ، گۆش-ياغ ۋە يەم-بوغۇز تەييارلىدى.

كەبىسە 2-ئاينىڭ 27-كۈنى مىڭ رۈي ئىلىدىن ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كېلىپ، شەھەر سىرتىدا قوزغىلاڭچىلار بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ غەلىبە قازاندى، يەتتە زەمبىرەكنى تارتىۋېلىپ، قوزغىلاڭچىلاردىن 200 نەچچە ئادەمنى تالاپەتكە ئۇچراتتى، قوزغىلاڭچىلار شەھەر ئىچىگە چېكىنىپ مۇداپىئەگە ئۆتتى. مىڭ رۈي قوزغىلاڭچىلارنى بوش چاغلاپ، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ، تېز جەڭ قىلىپ، تېز غەلىبە قىلىش نىيىتىدە، شەھەر سىرتىدىكى تۈمەن كىشىلىك چىڭ قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، شەھەرگە شەرق، غەرب تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. رەھمىتۇللا قوزغىلاڭچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، پۇختا ئىستىھكام، مول ئوزۇق-تۈلۈككە تايىنىپ، قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، چىڭ قوشۇنىنىڭ نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. چىڭ ئوردىسى شەھەرنى ئېلىشنىڭ تەسلىكىنى پەملەپ، شەھەرنى ئۇزاققىچە مۇھاسىرىگە ئېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى، چىڭ قوشۇنى تاغ بوغۇزىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇلاغ ۋە ئاشلىق يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇچتۇرپان شەھىرىدىكى خوتۇن-قىزلار ۋە ئۇششاق بالىلارغىچە ھەممەيلەن چىڭ قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسىتىش جېڭىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ كەتتى.

شۇ چاغدا جەنۇبىي كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان چيەنلۇڭ خاننىڭ ئوغىسى تېشىپ، ئاستانىدە ئىش باشقۇرۇشقا قالدۇرغان تەمرات دىۋان بېگى

ئاگۇينى چاقىرتىپ، يۈز تۇرانە ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇنى ئۈچتۇرپانغا قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. ھەربىي ئىنتىزامنى چىڭىتىش ئۈچۈن، ئادەتتە زوراۋانلىق قىلىپ كەلگەن ھەم جەڭ پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان نا شىتۇڭ بىلەن بېيەن تاخەينى ئۆلۈم جازاسىغا تارتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

ئاگۇي ئۈچتۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن، چىڭ قوشۇنى زەمبىرەكلىرىنى قاتىرىسىغا تىزىپ، ئوت كۈچىنى كۈچەيتىپ، شەھەرگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. رەھمىتۇللا كېچىدە چىڭ قوشۇنى بارگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا ئوق تېگىپ قازا قىلدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئەسمىتۇللا قوزغىلاڭچىلارغا داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىپ شەھەرنى ساقلىدى. چىڭ قوشۇنىنىڭ ئۇزاق ۋاقىت قامال قىلىشى ئارقىسىدا، شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى زىيانغا ئۇچرىدى، قوزغىلاڭچىلارمۇ ئۇزۇق - تۈلۈك ۋە يەم - خەشەكتىن قىسىلىپ، ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ كەتتى، قوزغىلاڭچىلاردىن بەزىلەر تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى، چىڭ ئوردىسى يامانغا مادارا يوق دەپ رەت قىلىپ، مىڭ رۇيگە شەھەرگە قىلىدىغان ھۇجۇم جىددىيلەشتۇرۇلسۇن دەپ پەرمان چۈشۈردى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چىڭ قوشۇنى شەھەر پاسىلىغا قىستاپ كەلدى، قوزغىلاڭچىلاردىن 2000 ئادەم شەرقىي قوۋۇقتىن ئېتىلىپ چىققاندا، چىڭ قوشۇنىنىڭ توسۇپ قىلغان زەربىسىگە ئۇچراپ، يەنە شەھەر ئىچىگە چېكىندى، غەربىي قوۋۇق تەرەپتىمۇ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش يۈزىسىدىن قاتتىق جەڭ بولدى. قوزغىلاڭچىلار مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشقا نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇنۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى، ئۇلارنىڭ ئوق - دورىسى تۈگەپ، ئۇزۇق - تۈلۈكى ئۈزۈلۈپ قالدى، ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار بىر - بىرلەپ يىقىلىشقا باشلىدى. شاڭبەگ

سابۇر بىلەن شىراب ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر تەسلىم بولۇش خۇسۇسىدا مەخپىي پىلان قۇردى، 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەچتە ئۇلار قوزغىلاڭنىڭ مۇھىم شەخسلىرىدىن ئەسمىتۇللا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئومورنارا، كۆيئوغلى تايلا قاتارلىق 42 كىشىنى تۇتۇپ ئەتىسى چىڭ قوشۇنىغا ئاپىرىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ قوشۇنى ئۈچتۇرپان شەھىرىگە بېسىپ كىردى. شۇنداق قىلىپ يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋام قىلغان ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى.

چىڭ قوشۇنى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن پەرمانغا بىنائەن شەھەردە قانلىق قىرغىنچىلىق قىلدى. قوزغىلاڭغا ئاسىيلىق قىلىپ تەسلىم بولغان شىراب ئاخۇنمۇ قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇزاق بىللە بولغان دېيىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. قېپقالغان بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادەم تۆت تۈركۈمگە ئايرىلىپ ئىلىغا ئېلىپ بېرىلدى.

ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى داۋامىدا ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىمۇ چىڭ سۇلالىسى بىلەن مەنپەئەتداش بولغاچقا، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى. ئالايلۇق، تۇرپاندىكى ئىمىن خوجا، يەكەن ھاكىمبېگى ھادى، خوتۇنى ئايىم، ئوغلى ئوسمان، ئاقسۇ ھاكىمبېگى سېيتىۋالدى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتناشتى.

چىڭ سۇلالىسى جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش، خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن، ئۈچتۇرپان خان ئامبىلى سۇ چېڭنىڭ جىنايەتلىرىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى نا شىتۇڭ بىلەن ئاقسۇ خان ئامبىلى بېيەن تاخەينى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، خوتەننىڭ باش بۇغى خې چېڭنىڭ ۋە نا شىتۇڭنىڭ قول ئاستىدا ئىش باشقۇرغۇچى بولغان، بەگلەر ۋە پۇقرالارنى خالىغانچە ھاقارەتلەپ بوزەك قىلغان ئۇرگۇننىڭ

www.uyghurkitap.com

كاللىسنى ئېلىپ سازايى قىلدى. ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مىڭ رۇي بىلەن ئاگۇي جەنۇبىي شىنجاڭنى باشقۇرۇشنىڭ سەككىز ماددىلىق تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چىڭ ئوردىسى ئۈچتۇرپاننى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۈگۈنى دەپ بىلىپ، مەسلىھەتچى ئامبالنى قەشقەردىن ئۈچتۇرپانغا يۆتكىدى، ئاقسۇدىكى سەركەردە-لەشكەرلەرنى ئۈچتۇرپاندا تۇرغۇزىدىغان بولدى ھەمدە ئۈچتۇرپاندا ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يولغا قويدى.

## ئېمىن خوجا

ئېمىن خوجا (1694 ~ 1777) شىنجاڭ تۇرپانلىق، ئۇيغۇر، دىنىي ئائىلىدە تۇغۇلغان، بوۋىسى سوپى خوجا ئاخۇن بولغان، دادىسى نىياز خوجا چوڭ ئاخۇن بولغان، ئېمىن خوجا چوڭ ئاخۇنلۇققا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن لۈكچۈنگە كۆچۈپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تۇرپان جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. كاڭشى سەلتەنىتىنىڭ 59-يىلى (1720-يىلى) چىڭ ئوردىسى ئەۋەتكەن قوشۇن قومۇلدىن تۇرپانغا يۈرۈش قىلدى. تۇرپاننىڭ ئاقساقىلى ئاجىس خوجا جۇڭغارلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن قول ئاستىدىكى نەچچە مىڭ ئائىلىنى باشلاپ قاراشەھەرگە كۆچتى، كېيىن بۇ يەردىن يەنە ئۈچتۇرپانغا كۆچتى، ئېمىن خوجا قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسىغا بېقىنىپ، چىڭ قوشۇنىغا ھەمكارلىشىپ تۇرپاندا پۇت تىرەپ تۇرۇپ بوز يەر ئاچتى.

يۇڭجېڭ سەلتەنىتىنىڭ 9-يىلى(1731-يىلى) جۇڭغارلار لۈكچۈنگە ھۇجۇم قىلدى. ئېمىن خوجا قول ئاستىدىكىلەرگە باشچىلىق قىلىپ شەھەرنى 40 نەچچە كۈن ساقلىدى، پۈرسەت كەلگەن پەيتلەردە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ دۈشمەننى ئۈچ قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى كەلگەندە مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ، شەھەردىن چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. يۇڭجېڭ خان تۇرپاننى ئۇزاققىچە تۇتۇپ تۇرۇشقا مادار يەتمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاھالە كۆچۈرۈش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېمىن خوجا يۇڭجېڭ 10-يىلى قارىمىقىدىكى بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ ئىچكىرىگە كۆچۈپ، 2-يىلى ئەتىيازدا گەنسۇنىڭ گۇاجۇ(بۈگۈنكى ئەنشى) ئايمىقىغا يېتىپ كەلدى. چىڭ ئوردىسى ئېمىن خوجىغا جاساق ئەركانىبەگ، چوڭ ئوغلى سۇلايمانغا بەگ مەرتىۋىسى بەردى. جەمئىي 2389 ئائىلە، 8125 ئادەم بەش باۋغا ئايرىلىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، ئۇلارغا ئاشلىق، ئات-ئۇلاغ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى تارقىتىپ بېرىلىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا بەش تۈمەن مودىن ئارتۇق يەر بېرىلدى، باج-سېلىق كەچۈرۈم قىلىندى.

چيەنلوڭ سەلتەنىتىنىڭ 20-يىلى ئەتىيازدا چىڭ قوشۇنى ئىلىغا يۈرۈش قىلىپ، جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ، باش تەيجى داۋاچىنى تىرىك تۇتتى. ئېمىن خوجا 300 ئۇيغۇر ئەسكەرنى باشلاپ چىڭ قوشۇنىغا خىزمەتتە بولدى ھەمدە يارلىققا بىنائەن تۇرپاننىڭ تارخانبېگى مەگلىكنى چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدۇردى. چىڭ سۇلالىسى ئېمىن خوجىغا شۇ تۆھپىسى بەدىلىگە ئەلنى تىنچىتقۇچى ئەركانىبەگ دېگەن نامنى بەردى. 21-يىلى كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ئېمىن خوجا گۇاجۇدىكى 2452 ئائىلىلىك، 8578 ئۇيغۇرنى باشلاپ، ئايرىلغىلى 20 نەچچە يىل بولغان يۇرتى تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. داۋاچى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان، چېگرىنى تىنچىتقۇچى سول قول ئورۇنباسار سانغۇنلۇق مەرتىۋىسى ۋە قوش خانزادە نامىغا نائىل بولغان ئامۇرسانا ئىلىدا كەڭ كۆلەملىك توپىلاڭ قوزغىدى، مەگلىك توپىلاڭغا ئاۋاز قوشتى ھەمدە ئېمىن خوجىنى قوشۇن باشلاپ چىڭ سۇلالىسىغا

قارشى چىقىشقا زورلىدى. ئىمىن خوجا توپىلاڭغا ئەگىشىشنى رەت قىلىپ، لۈكچۈننى مەھكەم ساقلىدى، ئوغلى سۇلايماننى چىڭ قوشۇنىنىڭ قومۇلدىكى بارگاھىغا ياردەم سوراشقا ئەۋەتىپ، مەڭلىكنى تېزلا تىنچىتتى. چىڭ سۇلالىسى شۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل تۇرپاننى ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەردى، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى سۇيۇرغاللىق يەر شەرقتە قومۇلغىچە، غەربتە قاراشەھەرگىچە، جەنۇبتا قۇملۇققىچە، شىمالدا تەڭرىتاغ باغرىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئىمىن خوجىغا بېزىلىق مەرتىۋىسى، سۇلايمانغا بەگلىك دەرىجىسى بېرىلدى. 22-يىلى كۆزدە چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنچىتىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ كەينىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدا چوڭ-كىچىك خوجىلار — بۇرھانىدىن بىلەن خوجاجاھانلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك توپىلىڭى يۈز بەردى. چيەنلۇڭ خان توپىلاڭنى تىنچىتىش ئىشى ئۈستىدىكى ئېدىتلىق مەلۇماتلىرى ئۈچۈن ئىمىن خوجىنى تەقدىرلىدى ھەم ئۇنىڭغا ئاغلاقچى ئامباللىق ۋەزىپىسىنى بەردى.

23-يىلى ئەتىيازدا چىڭ ئوردىسى ئىمىن خوجىنى مەسلىھەتچى ئامباللىققا تەيىنلەپ، ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن يارخاشەننىڭ چوڭ-كىچىك خوجىلارنى يوقىتىشىغا ھەمدەمدە بولۇشقا قويدى. ئىمىن خوجا ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈپ، خوجىسنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىش تەكلىپىنى بەردى. خوجىس كاڭشىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇچتۇرپانغا كۆچۈپ بارغان تۇرپان ئاقساقىلى ئاجىس خوجىنىڭ ئوغلى، ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى بولۇپ، تەسىر كۈچى كۈچلۈك، جەسۇر ئادەم ئىدى، ئۇ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا چىڭ قوشۇنىغا ياردەملىشىپ، ئىلىدىن ئۇچتۇرپانغا قېچىپ كەلگەن جۇڭغار باش تەيجىسى داۋاچىنى تۇتقانىدى. چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىدىن كېيىن، ئۇ خوتەننىڭ ھاكىمبېگىلىكىگە تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، تېخى بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرماي يەنىلا ئۇچتۇرپاندا تۇرىۋاتاتتى، ئۇ چوڭ-كىچىك خوجىلاردىنمۇ نارازى ئىدى، چىڭ قوشۇنىنىڭ كېلىشىگىمۇ قاراپ بېقىپ ئىش كۆرۈش پوزىتسىيىسىدە ئىدى. ئىمىن خوجا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگەندە، غەلىبە قىلماق ئوڭاي بولىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. چىڭ ئوردىسى ئىمىن خوجىنىڭ بۇ پىكىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قارىدى ۋە ئۇنىڭغا يەنە دوروبېلى مەرتىۋىسى بەردى.

5-ئايدا قوشۇن كۇچاغا يېتىپ باردى، يارخاشەن شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، ئىمىن خوجا ئۇچقاندەك ئاتاكىغا ئۆتۈۋاتقاندا ئوق ئىڭەك سۆڭىكى يارىلاندى. ئۇ كۇچا شەھىرىدىكىلەرنى قارشىلاشماسلىققا دەۋەت قىلىپ نامە يېزىپ، شەھەرگە ئوقيا بىلەن ئېتىپ كىرگۈزدى. شەھەردىكى قوشۇندا تەۋرىنىش بولدى. كىچىك خوجا خوجاجاھان 5000 ئەسكەر بىلەن ياردەمگە كەلگەندە زەربە يەپ مەغلۇپ بولدى، بىراق يارخاشەن قوماندانلىقنى ياخشى قىلالمىغانلىقى، شەھەرنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالمىغانلىقى ئۈچۈن، خاجاجاھان شەھەرگە كىرىۋالدى. ئىمىن خوجا قولغا چۈشۈرۈلگەن تۇغنىڭ خوجاجاھاننىڭ تۇغى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى، بىراق يارخاشەن بۇنىڭغا پەرۋا قىلىپ كەتمىدى، شۇنىڭ بىلەن خوجاجاھاننىڭ كېچىدە شەھەردىن چىقىپ قېچىپ كېتىشىگە پۇرسەت بېرىپ قويدى. چيەنلۇڭ خان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئوغرىنى قويۇۋەتكەن دېگەن گۇناھ بىلەن يارخاشەننى قولغا ئېلىش يارلىقى چۈشۈرۈپ، چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋ خۇيىنى قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بۇيرۇدى، ئىمىن خوجىنىمۇ ئەيىبلىدى. كېيىن چيەنلۇڭ خان ھەقىقىي ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خان جەمەتىدىن

بولغان كېرويارخاشەننىڭ كاللىسىنى ئېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئىمىن خوجىغا تەسەللىي بەردى ھەم ئۇنىڭغا ئۈچ كۆزلۈك تۇز پېيى ئىنئام قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي تۇپىلاڭچىلار مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ غەربكە قاچتى، كوچا خەلقى شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ چىڭ قوشۇنىنى كۈتۈۋالدى، ئىمىن خوجا چاۋ خۇي بىلەن بىللە ئۈچتۇرپانغا يول ئالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن چىڭ قوشۇنى ئۇدۇل غەربكە يۈرۈپ، دۈشمەننى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، 24-يىلى 7-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا چوڭ-كىچىك خوجىلار تۇپىلىڭىنى تىنچىتتى.

تۇپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن ئىمىن خوجىغا ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسى بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەسمىي ۋاڭلىق نامىغا ئېرىشتى، كىشىلەر ئۇنى ئىمىن ۋاڭ دەپ ئاتايدىغان بولدى، يەنە ئۇ يەكەننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەندى. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا ئىمىن خوجا غەربىي يۇرتنى تىنچلاندۇرغۇچى 50 تۆھپىكار قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، سۈرىتى شەھەرىستاندىكى زىگۇاڭ راۋىقىغا ئېسىلدى.

ئىمىن خوجا يەكەندە تۆت يىل ۋەزىپىدە تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونىدا تۇرۇشلۇق ۋەزىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ يەرنىڭ ۋە چېگرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى. 28-يىلى دەم ئېلىش ئۈچۈن تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. 29-يىلى يارلىققا بىنائەن ئوردىغا تاۋابقا بېرىپ، چيەنچىڭ قوۋۇقىدىن كىرىپ-چىقىش ئىمتىيازىغا ئېرىشتى. چيەنلوڭ خان ئۇنى ھەمىشە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى.

30-يىلى ئەتىيازدا ئىمىن خوجا ئاستانىدىن يۇرتىغا قايتىدىغان چاغدا، رەھمەتۇللانىڭ ئۈچتۇرپان خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىك خەۋىرى كەلدى. ئىمىن خوجا چوڭ ئوغلى سۇلايمان بىلەن بىللە تېزدىن ئۈچتۇرپانغا يېتىپ كەلدى، ئىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بوز يەر ئېچىشىغا باشچىلىق قىلىۋاتقان 2-ئوغلى مۇسامۇ ئىلى جاڭجۈنى مىڭ رۇي بىلەن ئۈچتۇرپانغا يېتىپ كەلدى، ئۇلار بىرلىكتە قوزغىلاڭنى باستۇردى. ئىش بېسىققاندىن كېيىن ئىمىن خوجا بۇيرۇققا بىنائەن يەنە يەكەننىڭ ھاكىمبېگى بولدى. 32-يىلى ئوردىغا يەنە بىر قېتىم تاۋابقا بېرىپ، خاننىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ-چىقىش ئىمتىيازىغا ئېرىشتى. 36-يىلى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ يۇرتىغا قايتتى.

42-يىلنىڭ بېشىدا ئىمىن خوجا 83 ياشقا كىرگەندە، چوڭ ئوغلى سۇلايمان 7000 سەر كۆمۈش سەرپ قىلىپ، بىر مۇنار سالدۇردى (بۈگۈنكى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا)، كىشىلەر بۇ مۇنارنى ئىمىن ۋاڭ مۇنارى دەپ ئاتىدى، كېيىن سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى دەپمۇ ئاتىدى. 9-ئايدا ئىمىن خوجا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. چىڭ ئوردىسى دەپنە ئىشلىرى ئۈچۈن 500 سەر كۆمۈش ئىنئام قىلدى ۋە پەرمان چۈشۈرۈپ سۇلايماننى ئىنانچىخان قىلدى.

43-يىلى قىشتا ئۈرۈمچى باش بۇغى سونوم سېرىن: تۇرپان ئىنانچىخانى سۇلايمان پۇقرالارغا كۆمۈش سېلىقى سېلىپ، نارىسىدە قىزلارنى خوتۇنلۇققا تالاپ، ئۆز بېشىمچىلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، دەپ مەلۇمات يوللىدى. چىڭ ئوردىسى ئادەم ئەۋەتىپ سۇلايماننى ئاستانىگە ئېلىپ كېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى، سۇلايمان كېيىنكى يىلنىڭ بېشىدا ئاستانىگە ئېلىپ كېلىندى. سوراق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يەنە ئۆيىدىكى ئادەمنى ئاختا قىلىپ جېنىغا زامىن بولغانلىق ئىشى ئېنىقلاپ چىقىلدى. ئوردا ئىمىن خوجىنىڭ تۆھپىلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، سۇلايماننى ئىنانچىخانلىقتىن بېلىلىققا چۈشۈرۈپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا بەش يىللىق جازا ھۆكۈم قىلىپ، ئۇنى ئاستانىدە توختىتىپ قويىدى، ئىنىلىرى ئىچىدىن بىرىنى ئىنانچىخانلىقتا تاللاش خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈردى.

ئىمىن خوجىنىڭ 2 - ئوغلى مۇسا پەرمانغا بىنائەن ئاگۇي بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىغا باشچىلىق قىلدى، ئۇ خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، تۆرلىك مەرتىۋىسى بېرىلدى. 31 - يىلى ئۇ كېسەل بىلەن قازا قىلغاندا، چىڭ ئوردىسى دەپنە ئىشلىرى ئۈچۈن 200 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، ئىمىن خوجىنىڭ 3 - ئوغلى ئائۇرانزىب ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، ئۇنىڭغا باش تەيجىلىك مەرتىۋىسى بېرىلدى. 4 - ئوغلى سەيپۇللاغا 2 - دەرىجىلىك ياردەمچى تەيجىلىك مەرتىۋىسى بېرىلدى. 5 - ئوغلى ئىسكەندەر قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە ۋە ياندىاش ئامباللىقتا تەيىنلەندى. چيەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 44 - يىلى ئۇ تۇرپان ئىنانچىخانلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى. كېيىنكى يىلى سۇلايمان ئالەمدىن ئۆتتى. 48 - يىلى چيەنلۇڭ خان تۇرپان ئىنانچىخانلىقىنىڭ ئاتامىراس مەرتىۋە بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقى خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈردى. جياچىڭ سەلتەنىتىنىڭ 16 - يىلى (1811 - يىلى) ئىسكەندەر قازا قىلىپ، ئوغلى يۇنۇس ئىنانچىخانلىقتا ۋارىسلىق قىلدى. 19 - يىلى ئۇ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلاندى.

جياچىڭ 20 - يىلى 6 - ئايدا چىڭ ئوردىسى ئىمىن خوجىنىڭ 6 - ئوغلى، 2 - دەرىجىلىك تەيجى پىردۇننىڭ ئىنانچىخانلىقتا ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى، پىردۇن شۇ يىلى كېسەل بىلەن قازا قىلدى. پىردۇننىڭ ئوغلى مەمەتسايىت كېيىنكى يىلى ئىنانچىخانلىقتا ۋارىسلىق قىلىپ، قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەندى. ئۇ داۋگۇاڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى) جاھانگىر خوجا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قەشقەر مۇسۇلمانلار شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندا قازا قىلدى. مەمەتسايىتنىڭ ئوغلى ھەقراھىدۇل 7 - يىلى ئىنانچىخانلىقتا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ تۇڭجى 1 - يىلى (1862 - يىلى) يەكەن ھاكىمبېگى بولۇپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بەلگىلىمىدىن سىرت ئالۋان - سېلىق سېلىپ، پۇقرالارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئېغىر ۋەقە تۇغدۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلاندى. 2 - يىلى كۇزدە لەشكىرىي تەمىنات ئىئانە قىلغانلىقى بەدىلىگە ئۇنىڭ ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇ 11 - يىلى ياقۇپبەگ شىنجاڭنى ئىشغال قىلغاندا قازا قىلدى. ھەقراھىدۇلنىڭ ئوغلى مامۇت گۇاڭشۈ 8 - يىلى (1882 - يىلى) ئىنانچىخانلىقتا ۋارىسلىق قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلدى، تۇرپاندا يەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، تۇرپان ئىنانچىخانلىقى لوكچۇن شەھىرىگە يۆتكەلدى، ئىنانچىخانلىق يەنىلا ئاتامىراس مەرتىۋە بولۇپ قېلىۋەردى. مامۇت 26 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئىمىن خوجا ئىككىنچى يىلى ئىنانچىخانلىقتا ۋارىسلىق قىلدى ھەمدە قومۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى، مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) ئۇنىڭغا خانزادىلىك مەرتىۋىسى بېرىلدى.

## ئىپارخان

ئىپارخان (1734 ~ 1788)، ئۇيغۇر، شىنجاڭنىڭ يەكەن ناھىيىسىدىن. يۇڭجېڭ سەلتەنەتىنىڭ 12 - يىلى (1734 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تۇغۇلغان. چيەنلۇڭ خاننىڭ ساھىبجامال بانۇسى، ئەل ئارىسىدا ئىپارخان

www.uyghurkitap.com

دەپ ئاتالغان. ئاتىسىنىڭ ئىتى ئەلى خوجا بولۇپ، ئۇنىڭ 4-ئەجداد بوۋىسى مەھمۇد يۈسۈپ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ ئاقساقىلى بولغاچقا، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنى خوجا دەپ ئاتاپ كەلگەن.

چىيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 20-يىلى (1755-يىلى) چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنغان مۇھەممەدنىڭ ئىككى ئوغلى — خوجا جاھان (كىچىك خوجا) بىلەن بۇرھانىدىن (چوڭ خوجا)نى نەزەربەنتتىن قۇتقۇزدى. 22-يىلى 4-ئايدا چوڭ-كىچىك خوجىلار چىڭ سۇلالىسى يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى تىنچلاندۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئورۇنباسار باش بوغ ئامىنداۋنى ئالداپ ئۆلتۈردى، خوجا جاھان ئۆزىنى باتۇرخان دەپ ئاتاپ توپىلاڭ كۆتۈردى. ئىپارخان چوڭ-كىچىك خوجىلار بىلەن نەۋرە ئاكا-سىڭىل بولۇپ، مەھمۇد يۈسۈپ ئۇلارنىڭ 5-ئەجداد بوۋىسى بولاتتى. ئىپارخاننىڭ ئاكىسى تۇردى بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىغا قارشى بولغاچقا، 5-تاغىسى ھوسەيىن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ بۇيرۇت (قىرغىز)لارنىڭ چارۋىچىلىق رايونىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن ئايلىنىپ يورۇپ ئىلىغا بېرىۋالدى. 23-يىلى تۇردى ۋە ھوسەيىن، مامۇت، ئابدۇراھمان، پەرسا قاتارلىق كىشىلەر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ چوڭ-كىچىك خوجىلارنى جازالىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن قوشۇن بىلەن بىللە يۈرۈش قىلىپ، بۇيرۇت قوشۇنىنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلدى، بۇيرۇت قوشۇنى يېكەنسار شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، چوڭ-كىچىك خوجىلارغا ئىككى تەرەپتىن قىسىپ زەربە بېرىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، چىڭ قوشۇنىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ماسلاشتى.

تۇردى قاتارلىقلار توپىلاڭنى تىنچىتىشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە زور تۆھپە قوشتى. كېيىن ئۇلار بېيجىڭغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

24-يىلى 10-ئايدا چىڭ ئوردىسى ئىپارخاننىڭ 5-تاغىسى ھوسەيىنگە نايىپ ئەركانبەگ مەرتىۋىسىنى، مامۇتقا 1-دەرىجىلىك تەيجى مەرتىۋىسىنى بەردى. 12-ئاينىڭ 13-كۈنى ئىپارخاننىڭ ئاكىسى تۇردىغا 1-دەرىجىلىك تەيجى مەرتىۋىسىنى بەردى، ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن ئابدۇراھمانغا 2-دەرىجىلىك تەيجى مەرتىۋىسىنى، پەرساغا 3-دەرىجىلىك تەيجى مەرتىۋىسىنى بەردى. ئوردا يەنە خوجا جەمەتىدىن بولمىغان باشقا ئۈچ كىشىگىمۇ مەرتىۋە بەردى: خوجىسقا بېيلى مەرتىۋىسى، خوجەككە نايىپ ئەركانبەگ مەرتىۋىسى، ھاشىمغا تەيجى مەرتىۋىسى بەردى. يۇقىرىقى سەككىز كىشى تارىخىي خاتىرىلەردە ئاستانىدىكى سەككىز ئۇيغۇر تۆرە دەپ ئاتالدى. شىنجاڭدا يۇقىرى قاتلام ئۇيغۇرلاردىن قومۇل، تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، باي، خوتەن، ئۇچتۇرپانلاردىكى يەتتە ئائىلىگە تۆرە مەرتىۋىسى بېرىلدى. ئىپارخان ئاكىسى تۇردى بىلەن چىيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 24-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭدىن يولغا چىقىپ، كېيىنكى يىلى 2-ئايدا بېيجىڭغا يېتىپ باردى. ئىپارخان ئوردىغا يېڭى كىرگەندە ئۇنىڭغا مېھرىبان ئايىم دەپ نام بېرىلدى. 27-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى چىيەنلۇڭ خان ئانىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن ئىپارخانغا ساھىپجامال توقال دېگەن نامنى بەردى، شۇ يىلى تۇردىغىمۇ قەشقەرنى ئېلىشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن نايىپ ئەركانبەگ مەرتىۋىسى بېرىلدى. 32-يىلى 10-ئاينىڭ 6-كۈنى ئىپارخانغا ساھىپجامال بانۇ دېگەن نام بېرىلدى. چىيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى

يىللىرىدا خانىش بەلگىلەنمىدى، چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 42 - يىلى (1777 - يىلى) ئىپارخان ئوردىدىكى بانۇلار ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇرىدىغان بولدى.

چيەنلۇڭ خان ئىپارخانىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە تىل ئۇقۇشماسلىق ئەھۋالىغا ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن ئۇنى چىڭ ئوردىسىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدىكى تۇلۇنئاي راۋىقىغا ئورۇنلاشتۇردى، بۇ راۋاق «يۇرت نەزەر راۋىقى» دەپمۇ ئاتالدى، بۇ راۋاقتا تۇرۇپ، كوچىنىڭ ئىرىقى تەرىپىدىكى مۇسۇلمانلار مەھەللىسى يەنى بۈگۈنكى نيۇجيې مەھەللىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ مەھەللىگە ئىپارخانىنىڭ يۇرتىنى سېغىنىش ھېسسىياتىغا تەسەللىي بولسۇن ئۈچۈن ئىككى نىرۇ ئۇيغۇر ئولتۇراقلاشتۇرۇلغانىدى. تۇردى، ھۈسىيىن، مامۇت قاتارلىقلار بۈگۈنكى بېيجىڭنىڭ غەربىي چاڭئەن كوچىسىنىڭ شەرقىدىكى يولنىڭ جەنۇبىدا تۇردى، كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي تۇردىغا بۈگۈنكى دۇڭسى شىمالىي 6 - كوچىسىدىكى 22 ئېغىز ئۆيلۈك سارايى ھەدىيە قىلىندى ھەم ئۇنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلدى. سارايىنىڭ يېنىغا مەسچىت، مۇنچا سېلىنىپ، قۇدۇق كولاندى. ئىپارخان ئۈچۈن مەخسۇس مۇسۇلمانچە ئاشخانا سېلىنىپ، ئۇيغۇرچە ئاش - تاماق ئېتىشكە نۇرمەت ئىسىملىك ئۇيغۇر ئاشپەز قويۇلدى. يەنە ئىپارخانغا ئويۇن قويۇپ بېرىش ئۈچۈن ئوردىغا ئۇيغۇر سېرىكچىلەر - سەنئەتكارلار تەكلىپ قىلىپ تۇرۇلدى.

چيەنلۇڭ خان ئىپارخانغا تولىمۇ ئامراق ئىدى. 27 - يىلى (1761 - يىلى) چيەنلۇڭ خان 4 - قېتىم جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا، ئىپارخان ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان ئالتە بانۇنىڭ بىرى سۈپىتىدە، سۇجۇ، خاڭجۇ قاتارلىق مەشھۇر جايلارنى سەيلە قىلدى. 36 - يىلى ئىپارخان قاتارلىق ئالتە بانۇ چيەنلۇڭنىڭ شەرقتىكى تەيشەن، چۈيفۇلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ھەمراھ بولدى. 43 - يىلى چيەنلۇڭ خان ئىپارخان قاتارلىق ئالتە بانۇنى ئېلىپ شېڭجىڭ (بۈگۈنكى شېنياڭ)نى سەيلە قىلدى، ئىپارخان شۇ چاغدا بانۇلار ئىچىدە 2 - ئورۇندا ئىدى.

چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 53 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىپارخان كېسەل بىلەن 55 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جەستى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي قەبرىستانلىقىدىكى بانۇلار باغچىسىغا دەپنە قىلىندى، ئۇنىڭ تاۋۇتىنىڭ ئۈستىگە «قۇرئان كەرىم»دىكى بىر جۈملە ئىبارە ئالتۇن ھەل بىلەن ئەرەب يېزىقىدا يېزىپ قويۇلدى. ئىپارخانىنىڭ تەۋەرۈكلىرى ھەرقايسى بانۇلار ۋە ئوردا ئايىملىرىغا ھەمدە تاغىلىرى، ھامىلىرى، يەڭگىلىرى، ئاچا - سىڭىللىرىغا ھەدىيە قىلىپ بېرىلدى. چيەنلۇڭ خان ئىپارخانىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغىمۇ ناھايىتى ئېتىبار بەردى، تۇردى 43 - يىلى قازا قىلغاندىن كېيىن ئوغلى بولمىغاچقا جيەنى توختى نايىپ ئەركانبەگلىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى، يەنە ئۇنىڭغا ئاتا مىراس 2 - دەرىجىلىك تەيجى مەرتىۋىسى بېرىلدى. ھۈسىيىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ھاسار خوجىغا قائىدە بويىچە بىر دەرىجە تۆۋەن مەرتىۋە بېرىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ يەنىلا نايىپ ئەركانبەگلىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىغا ئىجازەت بېرىلدى. ھاسار خوجا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىرىشىپ ئادا قىلغاچقا، 56 - يىلى ئۇنىڭغا ئەلنى ئەمىن قىلغۇچى ھەزرەت دېگەن نام بېرىلدى.

## سادىر پالۋان

سادىر پالۋان (1798 ~ 1871)، ئۇيغۇر، شىنجاڭ ئىلى موللاتوختىيۈزى (بۈگۈنكى غۇلجا ناھىيىسى جېلىليۈزى يېزىسىنىڭ موللاتوختىيۈزى كەنتى)دىن. ئاتىسى ئەھمەت ئۆمۈر بويى

تېرىقچىلىق بىلەن ئۆتكەن، ئۆزى يۇمۇرستىك ئادەم بولغاچقا، «خۇش ئەھمەد» دەپ ئاتالغان. سادىرنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى رابىخان، سادىر ئۇلارنىڭ 7 ـ بالىسى. سادىرنىڭ ئەجدادى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ توقماق كەنتىدىن بولۇپ، چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 32 ـ يىلى (1767 ـ يىلى) ئىلىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئارائۆستەڭ كەنتىگە ئورۇنلاشقان، كېيىن يۇرتداشلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خوتەن كەنتىگە كۆچكەن. بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ تولىسى قاراقاشلىق بولغاچقا، بۇ كەنت قاش كەنتى دەپ ئاتىلىپ قالغان. يەنە بۇ كەنتتىكى دېھقانلار كۆپ قېتىم باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلغاچقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى بۇ كەنتنى ئەسكى كەنت دەپ ئاتىغان. يەرلىك ئەمەلدارلار ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، موللاتوختى ئىسىملىك كىشىنى يۈز بېشى قىلىپ تەيىنلىگەن، شۇنىڭ بىلەن قاش كەنتىدىن بىر قىسىم ئائىلىلەر كۆچۈرۈلۈپ، موللاتوختىيۈزى كەنتى تەسىس قىلىنغان، سادىرنىڭ ئەجدادىمۇ مۇشۇ يېڭى كەنتكە كۆچكەن.

سادىر كىچىكىدىن ئاتىسىنىڭ تېرىقچىلىق ئىشىغا ياردەملىشىپ چوڭ بولدى، 15 ياشقا كىرگەندە ھېۋىزىخان ئىسىملىك بىر قىزچاقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ياموۇلنىڭ بىر چېرىكىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ قويغاچقا تۈرمىگە سولاندى. سادىرنىڭ ئەل ئىچىدە بەلگىلىك نامى بولغاچقا، كېيىنكى يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. جياچىڭ سەلتەنەتىنىڭ 21 ـ يىلى(1816 ـ يىلى) سادىر ئەمەلدارلارنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرغاچقا ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىپ، نىڭيۈەن تۈرمىسىگە قامالدى، كېيىنكى يىلى تۈرمىدىن قېچىپ چىقتى. 23 ـ يىلى سادىر ھېۋىزىخان بىلەن تۇرمۇشلۇق بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى ئىلى رايونىدا ئاپەت يۈز بېرىپ قەھەتچىلىك بولۇپ كەتتى، سادىر كېچىدە ئىلى جاڭجۈننىڭ ئامبىرىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ، يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىنىپ كۈرە تۈرمىسىگە سولاندى. داۋگۇاڭ سەلتەنەتىنىڭ 3 ـ يىلى (1823 ـ يىلى) سادىر تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتتى. 7 ـ يىلى ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، قازانچىدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تەشكىللىگەندە، يەنە قولغا ئېلىنىپ، قومۇل تۈرمىسىگە قامالدى. 11 ـ يىلى يەرلىكلەردىن يولۋاس ئۆلتۈرگەن باتۇر گومباڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە ئىلىغا يوشۇرۇن قايتىپ كېلىپ، ئاممىنى قوزغاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى، شيەنفېڭ سەلتەنەتىنىڭ 1 ـ يىلى (1851 ـ يىلى) سادىر ئاممىغا باشچىلىق قىلىپ چىكپەنزى (بۈگۈنكى غۇلجا ناھىيىسى)نىڭ ھاكىمبېگىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ھاكىمبەگنى دېھقانلارغا يول قويۇپ، باج ـ سېلىقنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى، سادىر ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ، باياندىي قاتارلىق قورغانلارغا ھۇجۇم قىلدى.

سادىر پالۋان ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 13 قېتىم تۈرمىگە تاشلاندى، ئۇ ھەمىشە قوشاق توقۇپ، ناخشا ئېيتىپ ئاممىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، يېقىنقى زامان شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەشھۇر ناخشىچىسى بولۇپ قالدى. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا «سادىر پالۋان» قوشاقلىرى كەڭ تارقالدى. ئۇنىڭدا مۇنداق مىسرالار بار:

يامۇلدا تولا يېتىپ، چېچىم بىر قۇچاق بولدى.
مەن يامۇلنى تەشكەندە، قوۋۇرغام پىچاق بولدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ قوشاقنى سادىر پالۋان تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندا توقۇپ ئېيتقان، ھازىر ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئېيتىلىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر

مۇزىكانت ئۆمەر ئالمۇتادا سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى ناخشا پىلاستىنكىسى قىلىپ ئىشلەپ كەڭ تارقاتتى.

تۆگجى 10 - يىلى باش يازدا سادىر پالۋان كېسەل بىلەن 73 يېشىدا توققۇزتارادا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «بايانداي‌دا جەڭ»، «كۇرە جېڭى» قاتارلىق نەزمىلىرى بار.

## ياقۇپبەگ

ياقۇپبەگ (1820 ~ 1877)، تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ياقۇپبەگ، ئۆزبېك (يەنە بىر ئېيتىشلاردا تاجىك)، قوقەند خانلىقىغا قاراشلىق تاشكەنتنىڭ جەنۇبىدىكى پىسكەنت دېگەن جايدىن. ياقۇپبەگ بالىلىق چاغلىرىدا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، تاغىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. ياش ۋاقتىدا ئۇسسۇلچى ئىدى، ئۇرۇغ - تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ قوقەند پادىشاھى خۇدايارنىڭ نەۋكىرى بولغان. كېيىن يۇقىرى ئۆرلەپ ياساۋۇللار ئەترىتىنىڭ يۈز بېشى، ئاق مەسچىت (قىزىلئوردا)نىڭ ھاكىمبېگى بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيا قازاق - قىرغىزلىرىنىڭ دىنىي باج - سېلىققا قارشى تۇرۇش كۆرىشىنى باستۇرغان، قوقەند ئوردىسىدىكى سىياسىي كۈرەشكە قاتناشقان، چاررۇسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئېغىر يارىلىنىپ، فەرغانىنى چاررۇسىيىگە سېتىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن سىياسىي جەھەتتە جاھانىنىڭ رەپدارىغا قاراپ ئىش كۆرگۈچى دەپ ئاتالغان.

تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى) قىشتا ياقۇپبەگ قوقەند ئەمىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن چوڭ خوجا بورھانىددىننىڭ ئەۋرىسى بۇزرۇك خوجا بىللە شىنجاڭ قەشقەرگە كەلدى. ئۇ قەشقەرگە كېلىپلا ھەيۋە كۆرسىتىشكە باشلىدى، قىرغىزلارنىڭ كاتتىبېشى سىدىق غەزەپلىنىپ، 6000 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ ياقۇپبەگكە قارشى چىقتى، بىراق ئۇنىڭ قوشۇنى يېڭىلىپ قېلىپ ئۆزى قېچىپ كەتتى. ياقۇپبەگ قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى بازا قىلدى. 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ياقۇپبەگ يېڭىسارنى ئىشغال قىلدى، بۇ چاغدا ئاغلاقچى ئامبال توختى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم توپ ئوقىدا جېنىدىن ئايرىلدى. ياقۇپبەگ ئۇنىڭدىن كېيىن كۇچا قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. سۇلى شەھىرىدىكى 3000 كىشىلىك چىڭ قوشۇنى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن 13 ئاي قامال قىلىنغاندىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولدى. شۇ چاغدا قوقەند خانلىقىنىڭ نائىبخانى ئالىمقۇلى چاررۇسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قازا قىلدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 7000 دىن ئارتۇق ئادەم يۇنۇسنىڭ باشچىلىقىدا ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىغا قېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ئەمەلىي كۈچى كۈچەيدى. ياقۇپبەگنىڭ يەكەندە ئىككى قېتىم قىلغان تاجاۋۇزىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ياقۇپبەگ بىلەن بۇزرۇك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ بۇزرۇكنىڭ نەۋرە ئىنىسى ۋەلىخاننى ئۆلتۈرۈپ، بۇزرۇكنى نەزەربەنت قىلىپ قويدى.

1866 - يىلى ياقۇپبەگ بىلەن راشىدىن ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ بولدى. 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ياقۇپبەگ راشىدىننىڭ سەركەردىسى ئىسھاقنى تەھقىرلىق سۈلھ تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ياقۇپبەگ يەكەننى ئىشغال قىلدى. 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ياقۇپبەگ مازارنى تاۋاپ قىلىش نامى بىلەن قوشۇن باشلاپ بېرىپ، خوتەن بېگى ھەبىبۇللا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى نەمتۇللا خاننى ئالداپ تۇتۇۋالدى. خوتەن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى بىر ئايدىن ئارتۇق كۈرەش قىلدى، 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم

ياقۇپبەگنىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىدى. ھەبىبۇللانىڭ ئالتۇن، كۆمۈش، مال-مۈلۈكلىرىنى ياقۇپبەگ ئىگىلىۋالدى. 12-ئاينىڭ 30-كۈنى ياقۇپبەگ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى «بەدۆلەت» (‹دۆلەتمەن شاھ› دېگەن مەنىدە) ۋە «ئاتالىق غازى» (‹جەڭچىلەر ئاتىسى› دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىدى.

1867-يىلى ياقۇپبەگ 3000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن كۇچاغا ھۇجۇم قىلىپ، راشىدىننىڭ 2-ئاكىسى جامالىدىن باشچىلىقىدىكى 3000 كىشىلىك قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ، جامالىدىننى ئەسىرگە ئالدى، ئارقىدىن ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، باينى ئىشغال قىلدى، كۇچا بېگى راشىدىننىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار ياقۇپبەگكە كەينى-كەينىدىن تەسلىم بولدى. ياقۇپبەگ راشىدىننىڭ قوشۇنى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىپ، كۇچانىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن راشىدىننىڭ ئاخىرقى مۇداپىئە سېپى بولغان قىزىلباغنى ئالدى. كۇچا خەلقى باتۇرلۇق بىلەن كۈچا جېڭى قىلىپ، ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى خۇداقۇلبەگنى ئۆلتۈردى. راشىدىن ياقۇپبەگ تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇلغاندىن كېيىن مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ياقۇپبەگ راشىدىندىن شۇلۇۋالغان مال-مۈلۈكلەرنى تۆگەل ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. ياقۇپبەگنىڭ كۈچى قاراشەھەرگىچە كېڭەيدى.

9-ئاينىڭ 24-كۈنى ياقۇپبەگ بۇزرۇك ئاكا-ئۇكىلارنى ئۆلتۈرۈپ، يەتتەشەھەر پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ — بىر چەت ئەللىك جۇڭگو زېمىنىدا قۇرغان ئوتتۇرا ئەسىرچە ئەكسىيەتچىل فېئودال خانلىق، جۇڭگو زېمىنىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان تاجاۋۇزچى ھاكىمىيەت. ياقۇپبەگ شىنجاڭدا ئىنتايىن قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىش تۇتتى، قوقەندلىكلەردىن باشقىلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمىدى، ھەر بىر پىلان، ھەر بىر تەدبىرنى شەخسەن ئۆزى بەلگىلىگەندىن باشقا، پۈتۈنلەي قوقەندلىكلەرنىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆردى. ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە، روسىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن كۆچەپ تىل بىرىكتۈردى. ياقۇپبەگ ئادەم ئەۋەتىپ تومىك بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى تۇرپاننى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە زورلىدى. تۇڭجى 9-يىلى 2-ئايدا ياقۇپبەگ تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى، تو مىڭ ئۇيغۇر، موڭغۇل خەلقىنىڭ ياردىمىدە ياقۇپبەگنى ئاقسۇنىڭ غەربىگە قوغلىۋەتتى. نەزەر دائىرىسى تار تو مىڭ زور مىقداردىكى جەڭ غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ تۇرپانغا قايتىپ، ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا پۇرسەت بېرىپ قويدى. 4-ئايدا ياقۇپبەگ تۇرپانغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى، ئۇ ئارىنى بۆلۈش ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئالدامچىلىق ۋاستىسىنى قوللىنىپ، شۇ شۆگۈك بىلەن موڭغۇل ئىنانچىخانى فۇجىننىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋالدى. 10-ئاينىڭ 9-كۈنى تۇرپاننى ساقلاۋاتقان سەركەردە ما جۈك تەسلىم بولدى. 12-ئاينىڭ 29-كۈنى ياقۇپبەگ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلدى، تو مىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئۈرۈمچى قوۋۇقىنى ئېچىپ بېرىپ تەسلىم بولدى، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى «مۇسۇلمانلار خانى» دېگەن نامىنى بىكار قىلىپ، يەنىلا ئۈرۈمچى شەھرىدە تۇرۇۋەردى. ياقۇپبەگ شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەھەل سانجى، قۇتۇبى، ماناس، گۇمۇدى، جىمسار، فۇكاڭ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى، بۇ ئۇنىڭ كۈچى ئەڭ غالجىرلاشقان مەزگىل بولدى.

ياقۇپبەگ ئىشغال قىلغان رايونلاردا ھەربىي فېئوداللىق مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويدى ھەمدە ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى قىلىپ پەردازلاپ كۆرسىتىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇترىتىپ، شىنجاڭدىكى

ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە ھەرقايسى دىنىي ئېتىقادچىلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالدى. ئۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى 10 مەمۇرىي رايونغا ئايرىپ، فېئودال بەخشەندىلىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى، باج - سېلىقنى ھەددى - ھېسابسىز كۆپەيتىپ، سودىنى مونوپۇل قىلىپ، ئېتنىز - ئېرىق سۇچىلىق ئەسلىھەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى زور دەرىجىدە چېكىندۈرۈۋەتتى. ياقۇپبەگمۇ خۇسۇسىي تۇرمۇشتا ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، 600 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت خوتۇن - قىزلىرىنى ئىگىلىۋالدى.

ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ياقۇپبەگنى بەس - بەستە يۆلەپ، شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى قورالى قىلدى. تۇڭجى 4 - يىلى ئەنگلىيە جونسۇن قاتارلىقلارنى ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى ياقۇپبەگ جاۋايەن زىيارەتكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئەنگلىيىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. چارروسىيە ياقۇپبەگ بىلەن بىر - بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئۈستىدە كېڭەشتى. 7 - ئاينىڭ بېشىدا ياقۇپبەگ تۇغقىنى نەزەرنى ئەنگلىيىگە زىيارەتكە ئەۋەتتى؛ 9 - ئايدا ئەنگلىيىنىڭ قىسمەدىن چېكىنگەن ئوفىتسېرى خايئوت قەشقەرگە كەلدى؛ 11 - ئايدا ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ۋالىيسى شاۋۇ ئوغرىلىقچە قەشقەرگە كەلدى. شۇ يىلى چارروسىيىلىك چوڭ سودىگەر كرودوف قەشقەرگە كېلىپ ۋەز ئېيتتى. 8 - يىلى ياقۇپبەگ مىرزا سادىنى ئەنگلىيە ۋە ھىندىستانغا ئەۋەتىپ، ئەنگلىيىدىن قورال - ياراغ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى تۈركىيە سۇلتانى ياقۇپبەگكە «مىراخور بېشى» دەپ نام بەردى ھەمدە 20 نەچچە مەسلىھەتچى ئەۋەتتى. 9 - يىلى ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى فۇساس قاتارلىقلار قەشقەرگە كەلدى. شۇ يىلى چارروسىيە تۈركىستان باش ۋالىيسى كافمان بىلەن بىللە ياقۇپبەگكە ئادەم ئەۋەتىپ مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭدىن چارروسىيىگە بېقىنىشنى تەلەپ قىلدى. 10 - يىلى ياقۇپبەگ ئىخلار خاندىن ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىغا ياخشىچاقلىق مەزمۇنىدا مەكتۇپ ئەۋەتتى. 11 - يىلى چارروسىيە بارون كاربارسكىنى پەۋقۇلئاددە ئەلچى سۈپىتىدە قەشقەرگە ئەۋەتتى. ياقۇپبەگ كافمان بىلەن ئاتالمىش «چارروسىيە - ياقۇپبەگ شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. 12 - يىلى ياقۇپبەگ جىيەنى سەئىدنى تاشكەنتكە شەرتنامىنى ئالماشتۇرۇشقا ئەۋەتتى، سەئىد پېتربۇرگقا بېرىپ ھەرىكەت قىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ھىندىستانغا بېرىپ ئەنگلىيە - ياقۇپبەگ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتى. فۇساس 350 نەچچە كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، ياقۇپبەگكە ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىنىڭ مەكتۇبىنى ۋە ھەدىيە قىلغان مىلتىق - زەمبىرەكلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە كەلدى. 13 - يىلى ئاتالمىش «ئەنگلىيە - ياقۇپبەگ شەرتنامىسى» ئىمزالاندى، چارروسىيە قەشقەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى شاۋۇ قەشقەرگە كېلىپ، كېيىنكى يىلى 6 - ئايدا قايتتى، ئۇ ياقۇپبەگكە 20 مىڭ تال مىلتىق سېتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياقۇپبەگ ئەنگلىيە، روسىيە بىلەن بولغان سودىدا مالنى مىلتىق - زەمبىرەككە ئالماشتۇردى، سودا سوممىسىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ باردى.

گۇاڭشۈ 2 - يىلى(1876 - يىلى) 4 - ئايدا زو زۇڭتاڭ ليۇ جىنتاڭ باشچىلىقىدىكى غەربكە يۈرۈش قىلىش قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ قورۇلدىن چىقتى. 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كېچىدە ليۇ جىنتاڭ جىن شۇن بىلەن ئۇچرىشىپ، خۇاڭ تيەنگە ھۇجۇم قىلىپ، تۇنجى جەڭدە غەلىبە قىلدى. 28 - كۈنى گۇمۇدىنى ئىشغال قىلدى.

29-كۈنى چىڭ قوشۇنى ئۇرۇمچىنى ئالدى.

ياقۇپبەگ چىڭ قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن قەشقەردىن 5000 ئەسكەر يۆتكەپ داۋانچىڭدا مۇداپىئەدە تۇرغۇزۇپ، تەگرىتاغ مۇداپىئە سېپىنى قۇردى. ئىككىنچى ئوغلى ھەققۇلىنى ئالدىنقى سەپكە ئۇرۇشقا نازارەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۆزى كورلىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلدى. گۇاڭشۇ 3-يىلى 3-ئاينىڭ 6-كۈنى ياقۇپبەگنىڭ ئۈچ شەھەردىن تەشكىللىگەن تەگرىتاغ مۇداپىئە سېپى — داۋانچىڭ ئىشغال قىلىندى. 3-ئاينىڭ 13-كۈنى ياقۇپبەگنىڭ تۇرپاننى ساقلاۋاتقان سەركەردىسى ما رېنديې تەسلىم بولدى؛ ھەققۇلى قاتارلىقلار توقسۇننى تاشلاپ قاچتى. ياقۇپبەگنىڭ نۇرغۇن ئەجىر بىلەن بەرپا قىلغان تەگرىتاغ مۇداپىئە سېپى يەتتە كۈندىلا چىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى. ليۇ جىنتاڭ ياقۇپبەگنىڭ تەھدىتى بىلەن كەلگەن مۇساپىرلارغا ئاشلىق ۋە كىيىم-كېچەك تارقىتىپ بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتۇردى، ئۇلار چىڭ قوشۇنىنىڭ مۇساپىرلارنى ئەمىن تاپقۇزغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ بارغاندا، ياقۇپبەگ «قوشۇندا تەۋرىنىش پەيدا قىلدى» دېگەن گۇناھ بىلەن قىرىپ تاشلىدى، بۇ ھال خەلقنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى، ياقۇپبەگ گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتمۇ كۈنسايىن چوڭقۇرلاشتى ۋە ئاشكارىلاندى. بۇ چاغدا ياقۇپبەگ ھالاكەت يولىغا كىرىپ بولغانىدى، ئۇ 4-ئاينىڭ 15-كۈنى كورلىدا تۇيۇقسىز ئۆتكۈر كېسەل بىلەن ئۆلدى.

## مېھرىبانۇ

مېھرىبانۇ (1823 ~ 1896)، ئايال، ئۇيغۇر، 7-ئەۋلاد قومۇل ۋاڭى بېشىرنىڭ ئايالى.

تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى (1864-يىلى) 8-ئاينىڭ 29-كۈنى يېرىم كېچىدە قومۇلدىكى خۇيزۇلاردىن ما جاۋچاڭ، ما خۇەن قاتارلىقلار ھەربىي گازارمىدىكى خۇيزۇلار بىلەن ئاستىرتتىن بىرلىشىپ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى كۆرەش قوزغىدى. قومۇل خان ئامبىلى ۋېن چى، يېڭىدىن ئۇرۇمچىنىڭ باش بۇغىلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋېن شياڭ ۋە ئورۇنباسار سەركەردە ۋاڭ دېيۇلار بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، گازارمىدىكىلەرنىڭ باشلىقى خې رۇڭ قاتارلىقلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. ما جاۋچاڭ قاتارلىقلار ئۇيغۇرلاردىن مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىلەن ئالاقىلىشىپ قومۇلدىكى خەزىنىلەر قورغىنىنى ئىشغال قىلدى. بېشىر قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىدى، ۋېن چې ئۇيغۇرچىنى پىششىق بىلىدىغان بىر خەنزۇ موماي‍دىن بېشىرغا ھەققانىيەتنى بىلىپ ئىش كۆرۈش توغرىسىدا خەت ئەۋەتتى. بېشىر ئۆزى ئاتلىقلار ئەترىتىنى باشلاپ خەنزۇلار قورغىنىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ما جاۋچاڭ قاتارلىقلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قومۇلنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى. قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئاما تۇغلۇققا چېكىنىپ، ما تيەنسەي بىلەن بىرلەشتى، ئۇلار 9-ئاينىڭ 2-كۈنى باج ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى بىلەن 70 نەچچە ئائىلىلىك خەنزۇنى ئۆلتۈرۈپ، تاشۋېلىققا ھۇجۇم قىلدى. بېشىر زەنگى باقى بىلەن ساقلاۋچىبەگ جاۋ يىڭجيېنى ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا بۇيرۇدى. باقىلار تۆمۈرتىدا ما تيەنسەي بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈردى.

تۇڭجى 4-يىلى 5-ئايدا مۇسۇلمانلاردىن خې لاۋۋا، سۇپۇرگە ۋە تەيجى پاتانۇش قاتارلىقلار تۇرپان ۋە ئۇرۇمچىدىكى نەچچە مىڭ مۇسۇلمان بىلەن بىرلىشىپ، قومۇلدىكى خەنزۇ، مۇسۇلمان قورغانلىرىنى ئىشغال قىلدى، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن خان ئامبال زاكىدانئا، ، ئورۇنباسار سەركەردە ۋاڭ دېبۇ، ئەدلىيە بېگى چېن يىخې قاتارلىقلار جەڭدە ئۆلۈپ، بېشىر نەزەربەنت

قىلىندى. تۇڭجى 5-يىلى 6-ئايدا بارىكۆل باش بۇغى خې گۇەن چارلىغۇچى قوشۇنىنىڭ قوشبېشى لېك شياڭنى قومۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتتى، لېك شياڭ ئورۇنباسار سەركەردىلىككە تەيىنلىنىپ قومۇلنى ساقلاشقا قويۇلدى.

ئورۇمچى تىتەيى چېڭ لۇ گاۋتەيدە تۇرۇۋېلىپ قوۋۇقتىن چىقمىدى، قومۇلغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن خان ئامبال ۋېن لىڭ، ياردەمچى نازارەتچى ئامبال جىڭ لىيەنلەرمۇ باھانە كۆرسىتىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا كەلمىدى. بېشىر ئايىلى بىلەن بىللە بارىكۆلگە ئارپا ۋە قوي ئەۋەتىپ بەردى، يەنە لېك شياڭغا نەچچە مىڭ كۆرە ئاشلىق جۇغلاپ بەردى. تۇڭجى 5-يىلى 11-ئايدا سۇپۇرگە بىلەن ما شېڭ تەخمىنەن 5000 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قومۇلغا ھۇجۇم قىلدى. لېك شياڭ ئالدىراپ جەڭگە ئاتلاندى، بېشىر بەگ شا سىلىڭنى قوشۇن باشلاپ ياردەم بېرىشكە چىقاردى، قوشۇن ئاستانىدا كىچىكرەك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، ئاندىن ئېدىرغا باستۇرۇپ بارغاندا مۆكتۈرمىگە ئۇچرىدى، لېك شياڭ ئۇچ يەردىن يارىلىنىپ سۇجۇغا قېچىپ كەتتى، 900 دىن ئارتۇق ئەسكەر ئۆزلۈكىدىن ئىككى كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلىپ، ئاخىرىدا تارمار بولۇپ كەتتى. بېشىر ئالدىنقى سەپتىكى مەغلۇبىيەتتىن خەۋەر تېپىپ، ئايىلى مېھرىبانۇغا: ئوغلىمىز مەھمۇتنىڭ پۇتى ئاغرىيدۇ، يىراققا بارالمايدۇ، بەگلەرنىڭ قوغدىشىدا جىيەن نەۋرىمىز پازىل تەيجىنى بارىكۆلگە ھەربىي ياردەم سوراشقا ئەۋەتەيلى، مەن 80 ياشقا يېقىنلىشىپ قالدىم، ئۆلۈمگە پەرۋا قىلمايمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قېپقالغان 2000 چە ئەسكەرنى يىغىپ جان تىكىپ ئېلىشتى، جەڭدە 700 دىن ئارتۇق ئادەم قازا قىلدى، بېشىر بىلەن پازىل ئەسىرگە ئېلىنىپ، قومۇل مۇسۇلمانلار قورغىنىدا نەزەربەنت قىلىندى.

تۇڭجى 6-يىلى (1867-يىلى) 1-ئاينىڭ 21-كۈنى دېھقان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بېشىرنى سوراق قىلدى، بېشىر سوراقچىلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ قاتتىق تىللاپ، ئەتراپتىكىلەردىن بىرىنىڭ قولىدىكى نەيزىنى تارتىۋېلىپ، ئىككى ئادەمنى نەيزە تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭ بىر توقلىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى ئاتقا دەسسىتىپ چەيلەتتى. بەگ شاسىلىڭ، ئابدۇللا، باقى سىدىقلارمۇ ئۆلتۈرۈلدى. چىڭ ئوردىسى بېشىرغا خانزادىلىك مەرتىۋىسى بېرىپ، قومۇلدا ئۇنىڭ نامىغا مەخسۇس خانىقا سالدۇردى، شيا سىلىڭ قاتارلىقلارغىمۇ نەزىر ئۆتكۈزۈپ بەردى، بېشىرنىڭ چوڭ ئوغلى مەھمۇت ۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ مەجرۇھ بولغاچقا «ئېسىلزادە خېنىم» مېھرىبانۇ يارلىققا بىنائەن خانزادىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتى.

تۇڭجى 6-يىلى 2-ئايدا خې گۇەن رۇي لىن، جاۋ ۋەنخەي ۋە مىنتۇەن ئاتامانى جاڭ خې قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، قومۇلنى يەنە بىر قېتىم قايتۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا قومۇلنى باشقۇرىدىغان چوڭ ئەمەلدار يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق ۋە ھەربىي تەمىنات قىس ئىدى. قومۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئاشلىقىنى 2-ئايدىن باشلاپ پۈتۈنلەي مېھرىبانۇ ئايىم تەمىنلەپ بەردى. ئىككىنچى يىلى قومۇلنىڭ خان ئامبىلى ۋېن لىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇردى، مېھرىبانۇ گۈرۈچ، بۇغداي چىقىرىپ، ھەربىي ئاشلىقنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، چىڭ ئوردىسىنىڭ يارلىق چۈشۈرۈپ تەقدىرلىشىگە نائىل بولدى.

تۇڭجى 8-يىلى (1869-يىلى) مېھرىبانۇ ئايىم ئاشلىق چىقىرىپ قوشۇننى تەمىنلىگەندىن باشقا، يەنە يەرلىرىنى ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشىغا بەردى، ئۆزى ھەربىي ئاشلىق تەييارلاپ، ما تەيگە قارشى جەڭگە

www.uyghurkitap.com

قاتناشتى، چىڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا خانزادىنىڭ «ئىسلزادە خېنىمى» دېگەن نامنى ئىنئام قىلدى، 8-ئايدا مېھرىبانۇ قومۇل شەھرىنى قوغداش، ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشتىكى تۆھپىسى بەدىلىگە چىڭ ئوردىسىنىڭ يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى.

تۇڭجى 12-يىلى (1873-يىلى) 8-ئاينىڭ 19-كۈنى بەي يەنخۇ قومۇلنى ئىشغال قىلىپ، مېھرىبانۇ بىلەن مەھمۇت ۋە ئۇنىڭ ئائىلىنى ئەسىرگە ئېلىپ، جەنۇبىي كۆلگە ئېلىپ كەلدى. 29-كۈنى جىرغۇنئى بىلەن ساكدۇرنىزاب قوشۇن تارتىپ بېرىپ مەھمۇت بىلەن ئائىلىنى قايتۇرۇپ كەلدى. بەي يەنخۇ مېھرىبانۇنى تەھدىت سېلىپ چىقتىمغا ئاپىرىپ، ياقۇپبەگ گورۇھىغا تاپشۇرۇپ بەردى، ياقۇپبەگ مېھرىبانۇنى بوگۈردە نەزەربەنت قىلىپ قويدى. مېھرىبانۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە زور شۆھرىتى بولغاچقا، ياقۇپبەگ باندىتلىرى ئۇنى نەزەربەنت قىلىشتا «ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەۋمىنى تىزگىنلەش»نى مەقسەت قىلغانىدى. بىراق مېھرىبانۇ ئايىم ھەققانىيەت يولىدا تىك تۇرۇپ، ياقۇپبەگ باندىتلىرىنىڭ تەھدىت ۋە ئېزىقتۇرۇشلىرى ئالدىدا تىز پۈكمىدى، ئۇ يازغان خېتىدە: «ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد خانىمىزنىڭ شاپائىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلدۇق، خانىمىزغا ئاسىيلىق قىلىدىغان ئىشنى ھەرگىزمۇ قىلمايمەن» دېدى. بۇ نەقەدەر مەردانە جاسارەت-ھە! مېھرىبانۇ ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئايال قەھرىمانى بولۇشقا مۇناسىپ! چىڭ ئوردىسى مېھرىبانۇنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىش توغرىسىدا كەينى-كەينىدىن ئۈچ قېتىم يارلىق چۈشۈردى. 13-يىلى 11-ئايدا ياقۇپبەگ چىڭ قوشۇنىغا مېھرىبانۇ ئايىمنى قايتۇرۇۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا مەكتۇپ ئەۋەتىپ قويۇپ قايتۇرمىدى. گۇاڭشۈ 1-يىلى (1875-يىلى) 8-ئايدا قومۇلنىڭ خان ئامبىلى ۋېن لىڭ نامەنخەيزىنى غەربكە مېھرىبانۇنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى، لېكىن ئۇمۇ قايتۇرۇپ كېلەلمىدى.

مەھمۇت ئانىسى مېھرىبانۇنى ئىزدەشكە ئۈچ قېتىم ئادەم ئەۋەتتى، ئۇنىڭ تۇرپانغا ئەۋەتكەن ئادىمىنى ياقۇپبەگ تۇتۇپ قاماپ قويدى. مەھمۇت گۇاڭشۈ 3-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا مېھرىبانۇ ئايىمنى ئىزدەشكە يەنە ئادەم ئەۋەتتى، بىراق بۇنىڭمۇ نەتىجىسى بولمىدى. چىڭ قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدىكى غەلىبىلىك يۈرۈشتە، 9-ئاينىڭ 18-كۈنى ئاقسۇنى قايتۇرۇۋالدى، تەن شىنديەن قاتارلىقلار دۈشمەننى قۇناماق ئىقىنىغىچە قوغلاپ باردى، شۇ چاغدا مېھرىبانۇ ئايىم نەچچە يۈزلىگەن مۇساپىرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغانىدى، ئۇ تېپىلغانىدىن كېيىن قوشۇننىڭ ھىمايىسىدە قومۇلغا قايتىپ كەلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى مېھرىبانۇنىڭ ئۇزاق سەرسانلىقتا يۈرۈپ ئېغىر كۈلپەت چەككەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىككى تۈمەن سەر كۈمۈش بىلەن ھال سورىدى.

گۇاڭشۈ 7-يىلى (1881-يىلى) مەھمۇت خانزادە ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، جيەن نەۋرىسى شامەخسۇت ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى، مېھرىبانۇ قىزىنى شامەخسۇتقا ياتلىق قىلدى.

گۇاڭشۈ 22-يىلى (1896-يىلى) 7-ئاينىڭ 26-كۈنى مېھرىبانۇ ئايىم زىققا كېسىلى بولۇپ قېلىپ، داۋا شىپا قىلماي 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەرجىمە قىلغۇچى: سابىر ئەلى

# 新疆地方志

（季刊）

目录

2008年第四期

总第八十五期



**顾问**

伊敏·图尔逊

努尔穆罕默德·多莱提

沙比尔·艾力

**主编**

迪木拉提·木沙

**副主编**

阿不都肉甫·艾力

艾合买提·肉孜·托格如力

**编委**

（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力

阿不都守库尔·图尔地

阿不都克优木·霍加

阿不来提·努尔东

阿不来提·伊敏

热米拉

沙比尔·艾力

吾甫尔·吾守尔·尼亚孜

霍加阿合买提·优努斯

哈德尔·阿皮孜

哈斯木·霍加

库尔班·马木提

**责任编辑**

甫拉提·伊米提


## 目 录

### 历 史 资 料


关于民族军的军衔、肩章、勋章、奖章 ………………………………………… 木扎帕尔·阿不都拉尤夫 1

新疆黄金及新疆黄金业的发展历史 ………………………………………… 阿不来提·努尔东 7


### 回 忆 录


对1913年在和田市阿勒屯鲁克麻扎开办的文化学校的回忆 ……………… 穆罕默德阿不都拉 15


### 风 俗 习 惯


夏干布特人的风俗习惯 ………阿不力米提·伊敏 17


### 文 物 古 迹


四十女墓地 ……………… 艾尼瓦尔·阿不都热依木 34


### 地 名 研 究


柯坪有关地名的解释 …………马木提·库尔班 36

《吾合沙鲁》地名考 ……………… 斯拉伊尔·穆提拉 42


### 小 常 识


关于蔓菁的传说及它的处方作用………吐尔逊·库尔班 45


### 社 会 主 义 新 方 志


摘自《新疆通志·人物志》………………………… 46


封面：木垒县夏干布特人的婚礼习俗

塔伊尔·阿木提 提供

www.uyghurkitap.com

# 新疆地方志 维吾尔文(季刊) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)


主　　办:新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى

编辑出版:《新疆地方志》编辑部

地　　址:乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号

印　　刷:新疆金版印务有限公司

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 12 - نومۇر

باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

国内统一刊号 CN65—1128/K—W

电话:4640715　4637126　邮政编码:830063

定价:3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W

تېلېفون نومۇرى: 4640715　4637126　پوچتا نومۇرى: 830063

باھاسى: 3.00 يۈەن